# مۇسۇلمان دېگەن...

پروف. در. ئىسمائىل لۇتفى چاكان

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

2011

قولىڭىزدىكى كىتابنى تەرجىمە قىلىش ۋە بېسىپ تارقىتىشقا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان ساخاۋەتچىلىرىمىزگە جانابى ئاللاھتىن ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز!

تەرجىمە قىلغۇچى: ش. ئۆزئۇيغۇر
تەھرىرى: س. كۆكتۇغ
كوررېكتورى: س. كۆكتۇغ
بەتچىك: ئا. روزى توختى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق


ئالاقىلىشىش ئادرېسى

Ördek Kasap Mah. Millet Cad. Gülşen Apt.
No: 108 D: 5 Çapa - Fatih / İST/ Türkiye
Tel: 0090 – 212 – 523 28 77
E – Mail: info@maarip.org

# مۇندەرىجە


**كىرىش سۆز** ........ 7

**مۇقەددىمە** ........ 9

ياخشىلىق ھەققىدە ........ 9

ياخشى بولۇشنىڭ شەرتلىرى ........ 11

ئىمان ........ 12

خەير - ساخاۋەت ........ 13

ئىبادەت ۋە تەقۋالىق ........ 15

**ياخشى مۇسۇلماننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى** ........ 19

**ياخشى نىيەتلىكتۇر** ........ 21

نىيەتكە سەل قارىمايلى! ........ 21

"ئۇممۇ قەيسنىڭ مۇھاجىرى" ........ 23

نىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى ........ 24

نىيەت ياخشى بولسا ........ 25

دىلنىڭ پاكلىقى ........ 27

نىيەت توغرا بولمىسا... ........ 28

ئۆرپ - ئادەتمۇ، ئىبادەتمۇ؟ ........ 31

سۆزنىڭ مېغىزى ........ 32

**تولۇق بويسۇندۇ** ........ 33

شۇ نەپسى - خاھىشنىڭ ھالىغا ۋاي! ........ 33

ئەقلىيەچىلىك قىلمايلى... ........ 36

ئارزۇلارنىڭ ھۆرلۈكى ........ 37

**سۈننەتكە ئەمەل قىلىدۇ** ........ 39

پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە سالاھىيىتى ........ 39

مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى ........ 41

سۈننەتكە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ.43
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلمىغىنىنى.......................44
كىم يۈز ئۆرۈسە............................................................45
**خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادتىن يىراقتۇر**..........................47
هازارەت مەسىلىسى...............................................................47
دىنىي بىلىمى يېتەرلىك بولمىسا................................................49
ئانارخىزم ........................................................................... 51
تەقۋادارلىق دېگەن.............................................................52
سانىنىڭ كۆپلۈكى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ .......................52
**ھەقىقىي مۇسۇلماندەك ياشاشقا تىرىشىدۇ**...........................55
تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن.......................................................55
ئىككى مۇھىم بېشارەت.........................................................57
بىر سوئال...........................................................................60
**ئىمان، ئىبادەت، ياخشىلىق ۋە ياردەمنى ئۈزۈلدۈرمەيدۇ**............63
دائىملىق بەخت ئۈچۈن.........................................................63
ماختىنىش - ئۆزىنى ئالداشتۇر.................................................66
باھانە ئىزدىمەيلى... ...............................................................68
**ئەخلاقى ئېسىلدۇر**.............................................................. 71
كۆرسەتمە............................................................................ 71
ﷲنىڭ ئەمرلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈش.......................................72
مەخلۇقاتقا مەرھەمەت كۆرسىتىدۇ...............................................74
**زىيان يەتكۈزمەيدۇ** ...............................................................77
ياخشىلىقنىڭ تۈرى كۆپ.............................................................77
ﷲ تائالا ھېچكىمنى...................................................................80
قولىغا، تىلىغا، تېنىگە... .............................................................. 81
**غەمخورلۇق قىلىدۇ** .............................................................83
قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا بىرگە بولۇش ...............................................83

”بەدىنىمنى شۇنداق چوڭايتقىنكى...“ ........................85
«ئىسلامغا كەل» چاقىرىقى ........................................86
**مۇسۇلمانلارنى قېرىنداشلىققا ئۈندەش ...89**
قېرىنداشلار جەمئىيىتى ...........................................89
دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ شەرتلىرى .............................92
قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ..........................94
بىر جان بىر تەندەك...................................................97
**ھەمىشە ئاگاھ بولىدۇ...................................................99**
مۇئمىنمۇ ئىنسان، ئەمما..............................................99
تارىخ ئەڭ چوڭ تەجرىبە..............................................101
مۇشرىك يىلاندۇر... ..................................................102
**دوستىنى تاللاپ تۇتىدۇ ............................................105**
دوست ـ تەسىر مەركىزى............................................105
ھەقنى دوست تۇتۇش ...............................................108
مۇسۇلماننى دوست تۇتۇش .......................................110
**بىھۇدە ئىشلارنى قىلمايدۇ.......................................113**
بىھۇدە ئىش...........................................................113
ئاسىنىنى تاللاش.....................................................115
**ئىشنى پۇختا قىلىدۇ...............................................117**
ئىشنى ياخشى ۋە پۇختا قىلىش .................................117
كامىل دىنىي ھايات...................................................119
ئەڭ ياخشىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ..........................120
**خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ .....................................123**
ئازماس قۇل يوق .....................................................123
خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى..................125
ۋارانكا قۇلاقلار..........................................................127

تۆزىتىش قابىلىيىتى ..................................................129
**ئاخىرقى ئارزۇسى مۇسۇلمان بۆپتى جان ئۈزۈش**.......................131
غايە ۋە ھەقىقەت.......................................................131
ئاخىرەت سائادىتى .....................................................133
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەسىيىتى..............................................135
**خاتىمە** ..............................................................139

# كىرىش سۆز

زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تېز سۈرەتتە ئۆزگىرىۋاتقان قىممەت قارىشى ”ياخشىلىق“ ۋە ”ياخشى ئىنسان“ ئۇقۇمىغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. ھازىر جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ”ياخشىلىق“ ۋە ”ياخشى كىشى“نى ”ئۆز كۆز قارىشى بويىچە“ ھەرخىل شەكىلدە شەرھىيلىمەكتە. ئەمما ”ياخشىلىق“نىڭ ۋە ”ياخشى كىشى“ بولۇشنىڭ مەلۇم ئۆلچىمى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى كېرەك.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلامىي كۆرسەتمە ۋە بەلگىلىمىلەر ھەر نەرسىنىڭ ئۆلچىمىدۇر. يەنى ”ياخشى“ دېگەنلىك، دىنىمىزدا ”ياخشى“ دەپ قارالغان، ”ياخشىلىق“ بولسا، دىنىمىز ”ياخشى“ دەپ تونۇتقان ئىش - ھەرىكەتلەردۇر.

بۇ كىتابتا مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «تەقۋادار مۇسۇلمان»نى تەرىپلىگەن مۇبارەك سۆزلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق يىغىنچاقلاشقا تىرىشتۇق. بۇ ئارقىلىق ”تەقۋادار مۇسۇلمان“ ۋە ”ياخشى ئىنسان“ بولۇش توغرۇلۇق ئىزدىنىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشىلىق ۋە ئىنسان ئۇقۇمىنى ئۆز قارىشى

بويىچە تەرپلەيدىغانلارنىڭ سەمىگە دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى سېلىپ قويۇشنى توغرا كۆردۇق.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆزى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزىدىنمۇ ناچار كىشىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ياخشى چاغلايدىغان ۋە كۆڭلىنى شۇنىڭ بىلەن ئاۋۇتۇپ يۈرگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب، بىر قاراشقا ”ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلەش“ رولىنى ئۆتىمەكتە. ئىشىنىمەنكى، زامانىمىز مۇسۇلمانلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەممىمىز ئۆز - ئۆزىمىزنى تەنقىدلەشكە موھتاج.

جانابى الله بىزنى ”ياخشىلىق“ قىلغۇچى ۋە ”ياخشى ئىنسان“لاردىن قىلغاي ـ ئامىن!

ئىسمايىل لۇتفى چاكان
1983 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# مۇقەددىمە

## ياخشىلىق ھەققىدە

ياخشىلىقنى خالىمايدىغان جەمئىيەتنى، ياخشى بولۇشتىن، ”سەن ياخشى“ دەپ ماختىلىشتىن سۆيۈنمەيدىغان شەخسنى ”نورمال“ دەپ قاراش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەر كىم ”ياخشى“ بولۇشنى خالايدۇ، ”سەن ياخشى“ دەپ تەرىپلىنىشتىن سۆيۈنىدۇ. چۈنكى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دېگىنىدەك: «ئىنسان ياخشىلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ياخشىلىق ئىنساننىڭ پىترىتىدە (تەبىئىتىدە) مەۋجۇد»[1].

بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ھالدا: ”ياخشىلىق ئىنساننىڭ غايىسى“ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تەلىم - تەربىيە ئورگانلىرى، مېتودلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەرگە سېلىنغان مەبلەغلەر مۇشۇ ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنى ”ياخشى ئىنسان“ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ھەرخىل قاتلام ۋە جەمئىيەتنىڭ ”ياخشى“ ئۇقۇمىغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى ئېنىق. بەزىلەر ئەمگەكچان كىشىلەرنى

[1] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

”ياخشى“ دېسە، بەزىلىرى ”ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق كىشى“لەرنى ”ياخشى“ دەپ قارايدۇ. بۇمۇ تەلىم ـ تەربىيە ۋە چۈشەنچىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

چۈشەنچە مەيلى قانچىلىك پەرقلىق بولسا بولسۇن، ھەممىسىنىڭ مەقسىتى ئوخشاش ”ياخشىلىق“ بولۇپ، ھەركىم ئۆز قارىشى بويىچە ”ياخشى“ ئىنسان تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ ”ياخشى“ دەپ ئېتىراپ قىلىدىغىنى ”مۇسۇلمان“غا قارىتىلغان بولۇپ، ”ياخشى مۇسۇلمان“ ـ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئېرىشمەكچى بولغان ئىنسان تىپىدۇر. چۈنكى ”ياخشى مۇسۇلمان“ ياخشى ئىنساندۇر.

دىنىمىزدا ياخشىلىقنى ”بىر“ كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ”خەير“، ”ئەفدال (ئەۋزەل)“ ۋە ”ئەكمەل (كامىل)“ كەلىمىلىرىمۇ ”ياخشى“لىقنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە «بىر»نى «ئېسىل مىجەز»[①] دەپ تەرىپلىگەن. «بىر»كەلىمىسىنىڭ ھەدىسلەردىكى باشقا مەنىسى ۋە سۈپىتىنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ: «”كۆڭۈل خاتىرجەم بولغان“[②]، ”نەپس ئارام تاپقان“[③]، ”قەلب سۆيۈنگەن“[①] ھەممە نەرسە ”ياخشىلىقتۇر“». «ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ»[②].

---

[①] مۇسلىم، تىرمىزى، دارىمى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

[②] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

[③] دارىمى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

# ياخشى بولۇشنىڭ شەرتلىرى

”بر“ ياكى ”ئىپسىل مىجەز“ ئۆزلىكىدىن مەيدانغا كەلمەستىن، بەلكى بەزى شەرتلەرنى ئورۇنلاش بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ياخشىلىقنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ قۇرۇق ئىدىيە بىلەن ياخشىلىققا يەتكىلى بولمايدۇ، ياخشى بولغىلىمۇ بولمايدۇ.

ياخشى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىنغان: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـــ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر)

---

[1] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

(ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئايەتتە ياخشى ئادەم ۋە ياخشى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتلىرى مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن:

1. ئىمان (مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە راستچىللىق)

2. خەير ـ ساخاۋەت (مېلىنى ياخشى يەرگە ئىشلىتىش)

3. ئىبادەت، سەۋر، ۋاپا ۋە تەقۋالىق

## ئىمان

دىنىمىزدا ھەر نەرسىنىڭ ئاساسى ئىمان ـ ئىسلامدۇر، ئىمان بولماي تۇرۇپ، ھېچبىر نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا ئىمان بولمىسا، ياخشىلىقمۇ، ئىنسانپەرۋەرلىكمۇ بولمايدۇ. پەقەت ئىمانلىق كىشىلا ياخشى ئىنسان بولۇشقا نامزات بولالايدۇ. چۈنكى ئىمان ـ قىممەت پەلسەپىسى ۋە ياخشىلىققا يۈلىنىش ئىرادىسىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. دەرۋەقە، اللّٰه تائالا: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾[2] دەيدۇ.

---

[1] سۇرە بەقەرە، 177 ـ ئايەت.

[2] سۇرە بەييىنە، 7 ـ ئايەت.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ياخشىلىق، قىيامەتتىمۇ ئىناۋەتكە ئىگە ياخشىلىق بولۇپ، بۇنىڭ بىردىنبىر يولى ياخشىلىقنى ئىمان بىلەن قىلىشتۇر. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىمانسىزنىڭ ياخشىلىقىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

## خەير ـ ساخاۋەت

اللہ سۆيگۈسى ۋە ياخشىلىق تۇيغۇسى بىلەن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ نامرات تۇغقىنىدىن باشلاپ، مىسكىنلەرگە، يېتىملەرگە، مۇساپىرلارغا، يوقسۇللارغا ۋە قۇللارغا ياردەم قىلغانلار ياخشى ئىنسان بولۇشنىڭ ئىككىنچى شەرتىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ.

ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، خەير ـ ساخاۋەتتىن مەھرۇم، بېخىل كىشىلەر (مەيلى قانداق باھانە كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر) ياخشى ئىنسان قاتارىغا كىرەلمەيدۇ. ياخشى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادى ناچار شارائىتتىمۇ "قولى ئوچۇق" بولۇشى كېرەك.

قۇرئان كەرىمدە ھەقىقىي مۇئمىنلەر: ﴿ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغۇچىلار﴾[1] دەپ تەرىپلىنىدۇ، شۇنداقلا "ماللىرى بىلەن..." دېگەن ئىبارە ئاۋۋال بايان قىلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 15 ـ ئايەتكە قاراڭ.

خەير ـ ساخاۋەتنىڭمۇ مەلۇم ئۆلچىمى بولىدۇ. بۇ ئۆلچەمنى: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ياخشى كۆرگەن نەرسىنى خۇشاللىق بىلەن بېغىشلاش ۋە بۇنىڭدىن باشقا بىر پايدا ـ مەنپەئەت كۆزلىمەي، پەقەت اﷲنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن سەرپ قىلىش ”ياخشى مۇسۇلمان“لىقنىڭ شەرتى. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز﴾[2].

ئۇنداقتا، ئۆزى خالىماي تۇرۇپ ياكى باشقا نىيەت بىلەن مال سەرپ قىلىش ”ياخشىلىق قىلىش“ ۋە ”ياخشى بولۇش“قا كىرمەيدۇ. خەير ـ ساخاۋەتتە ئالغۇچىنىڭ ئېھتىياجى ياكى كىم بولۇشى ئەمەس، بەلكى كىم (ياكى نىمە) ئۈچۈن بېرىلگەنلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ھەقىقەتەن اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 92 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىنسان، 8 ـ ۋە 9 ـ ئايەتلەر.

# ئىبادەت ۋە تەقۋالىق

يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسلانغاندا، ”ياخشى“ بولۇشنىڭ ئۈچىنچى شەرتى نەپسنى تەربىيىلەيدىغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ھاياتنىڭ ۋە جىھادنىڭ جاپاسىغا چىداش، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تەقۋادار بولۇشتۇر.

قۇللۇق ۋەزىپىسىگە سەل قارىغانلار ”ياخشى“لار قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئىبادەتلەر ”ياخشى“ سۈپىتىگە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىلىرى بولۇپ، ئېسىل خۇي - قۇللۇق ۋەزىپىسىنى كۈچەيمىزنىڭ يېتىشچە نۇقسانسىز ئورۇنلاش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

نامازنىڭ چوڭ - كىچىك يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئايەتنى[1] ئەسلەپ ئۆتۈش، ئىبادەتلەرنىڭ ”ياخشى“لىققا بولغان تەسىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە يېتىدۇ.

ئىبادەتسىز ”ياخشىلىق“نىڭ پەللىسىگە چىقىش خۇددى قورال - جابدۇقسىز تىك قىياغا ياماشقانغا ئوخشاش بولۇپ، ئاقىۋىتى پاجىئەلىك ۋە نەتىجىسىز بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، راھەت - پاراغەتلىك، ساغلام ۋاقىتلاردا قىلغان ياخشىلىقنىڭ ئانچە قەدىر - قىممىتى

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

بولمايدۇ. ئۇرۇش مەيدانىدا قاتتىق سەۋر قىلىش، ئېغىر كۈنلەرگە ۋە جاپالارغا چىشىنى چىشلەپ تاقابىل تۇرۇش - ياخشىلىقنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشىدۇر. يۇقىرىدىكى ئايەت بۇ سۈپەتلەرنى ناھايىتى روشەن شەرھىيلەپ بەرمەكتە. يەنە بىر ئايەتتە مۇشۇ مەزمۇن مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر يولنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللهنىڭ يولىدا ماللىرىڭلار بىلەن، جانلىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر﴾[1].

دېمەك، ۋاقتى كەلگەندە، ئىمانى بىلەن الله يولىدا جېنىنى پىدا قىلىش روھىغا ئىگە بولمىغانلار "ياخشى" خۇسۇسىيىتىدىن يىراق دېمەكتۇر. "ياخشى" بولۇش ئىرادىسى بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنى مۇنۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار... ﴾[2]؛ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پىچىرلاشقىنىڭلاردا گۇناھ، زۇلۇم ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار، ياخشىلىق

---

[1] سۈرە سەپ، 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە مائىدە، 2 ـ ئايەت.

ۋە تەقۋادارلىق توغرىسىدا پىچىرلىشىڭلار، سىلەر اللەتىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴾[1].

چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ياخشى بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئىشلاردا ياخشى كىشىلەرگە، ياخشىلىقنى سۆيىدىغانلارغا ياردەملىشىش، يەنى شەخسىي ياخشىلىق پىلانىنى كوللېكتىپ پىلانىغا، ھەتتا ئاممىۋي پىلانغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك.

مادامىكى، ياخشىلىق ـ باشقىلارغا ياخشى بولسۇن ئۈچۈن قىلىنغانىكەن، ئۇ ياخشىلىقتىن پايدىلىنىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، قىلىنغان ياخشىلىق ئۆز مەقسىتىگە شۇنچە يېقىنلاشقان بولىدۇ. شۇڭا ياخشىلار قىزغانچۇق بولماي، ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ھەقىقىي مەرتىلىك تۇيغۇسى بىلەن بەھوزۇر ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مانا بۇ، ياخشىلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشىلارنى قوللاپ، يامانلارنى توسۇشى تەبىئىي. ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللەتىن قورقۇڭلار، ياخشىلار بىلەن بىرگە بولۇڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتمۇ مۇسۇلمانلارنى بۇ جەھەتتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى ياخشىلىققا سۇسلۇق قىلىش ـ يامانلىقنىڭ بېشارىتىدۇر.

[1] سۈرە مۇجادەلە، 9 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 119 ـ ئايەت.

ياخشىلىق ـ جەمئىيەتكە پايدىسى تېگىدىغان، مۇكاپاتى الله تەرەپتىن بېرىلىدىغان ئۇلۇغ ئەمەل. مۇسۇلمان كىشى بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ياخشىلىق قىلىش قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەمدى، ”ياخشى“لارنىڭ كاتتىسى، بەندىلەرنىڭ ئۈلگىسى، ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا ”تەقۋادار مۇسۇلمان“ ۋە ”ياخشى ئىنسان“ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

# ياخشى مۇسۇلماننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

﴿ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اﷲنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾.

ـ سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت

«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى ئەڭ ئۈستۈن بولغىنىدۇر».

ـ دارىمى رىۋايەت قىلغان

# ياخشى نىيەتلىكتۇر

**عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى دُنْيَا يُصِيبُهَا أَوْ إِلَى امْرَأَةٍ يَنْكِحُهَا فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ.**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەمەل نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، كۆزلىگىنىگە ئېرىشىدۇ. قانداق بىر ئادەمنىڭ ھىجرىتى ئازغىنە دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىش بولسا، ئۇ پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشىدۇ»[1].

## نىيەتكە سەل قارىمايلى!

ئۇلۇغ الله ئىنسانلارنى ھۆرمەت ئىگىسى قىلىپ ياراتتى. ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئورگىنى ـ قەلبى بولۇپ، قەلبىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىشى نىيەت ـ مەقسەتلەرگە سەھنە بولۇشتۇر. دېمەككى، ئەڭ قىممەتلىك

[1] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

مەخلۇقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئورگىنىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋەزىپىسى نىيەتتۇر.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نىيەت ـ ئىچكى مايىللىق، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسى بولغان پىلان ۋە لايىھە دېمەكتۇر. شۇڭا ئىش ـ ھەرىكەت ۋە قىلمىشلارنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلغۇچى نىيەتكە قارىتا ئۆلچىنىدۇ. چۈنكى اللهنىڭ نەزىرىدە سىرتقى كۆرۈنۈشنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «الله سىزنىڭ چىراي ـ شەكلىڭىزگە ئەمەس، بەلكى قەلبىڭىزگە (يەنى كۆڭۈل مايىللىقىغا) ئېتىبار بېرىدۇ»[①].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ”نىيەت“كە سەل قارىمايلى. ھەممىمىزگە مەلۇم، خاتا سىزىلغان چېرتيوژ بىلەن مۇستەھكەم بىنا سالغىلى بولمىغاندەك، نىيەتسىز ياكى ياخشى نىيەتكە تايانماي تۇرۇپ، الله تائالاغا يارىغۇدەك ئەمەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەدىسلەردىكى: «ھەر كىم نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن ئىپادىلەر بۇنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«مەجەللە»دىمۇ مۇشۇ ھەدىسلەردىن ئىلھام ئالغان ھالدا: ”بىر ئىشتا نېمە مەقسەت قىلىنغان بولسا، ھۆكۈممۇ شۇنىڭغا قارىتا بولىدۇ“ دەپ بېكىتىلگەن.

---

① مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

## ”ئۇممۇ قەيسنىڭ مۇھاجىرى“

”نىيەت ھەدىسى“ دەپ تونۇلغان بۇ مەشھۇر ھەدىسكە سەۋەپ بولغان ۋەقەلىك نىيەتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ۋەقەلىك مۇنداق ئىدى: بىر ئادەم ئۇممۇ قەيس ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. ئۇممۇ قەيس ئۇ كىشىنىڭ مەدىنىگە كۆچسە، ئۆزى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇممۇ قەيسكە ئاشىق بولغان ئۇ ئادەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە كۆچىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمان مۇھاجىرلار ئۇ ئادەم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ھىجرىتىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار - يوقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلار ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئاساسى پرىنسىپنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: «نىيەت ـ ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىمىدۇر...» دەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ياكى ئۆيلىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغانلار بىلەن ھەقىقىي مۇھاجىرلارنىڭ بىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ ئەھۋال ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۇ كىشىگە پات ـ پات ”ئۇممۇ قەيسنىڭ مۇھاجىرى“ دەپ چاقچاق قىلىپ قويىدىغان بولىدۇ.

دېمەك، نېمە ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، كۆتكەن نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى بىر نىيەتكە تايىنىش زۆرۈر.

## نىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسلى

شۈبھىسىزكى، ھەر شەيئىگە ئوخشاش نىيەتنىڭمۇ ئېسلى، ئەڭ ئېسلى، ياخشىسى، ئەڭ ياخشىسى، يامىنى ۋە ئەڭ يامىنى بار. ئاخىرەتنى مەقسەت قىلغىنى ئېسىل نىيەت (ياخشى)؛ اللە رازىلىقى ئۈچۈن بولغىنى ئەڭ ئېسىل نىيەت (ئەڭ ياخشى)دۇر. دۇنيالىق ئۈچۈن قىلىنغان نىيەت يامان نىيەت (ناچار)، تىلدا ئاخىرەت، ئەمەلىيەتتە دۇنيالىق ئۈچۈن قىلىنغان نىيەت نىيەتلەرنىڭ ئەڭ يامىنى (شەقىي)دۇر.

بۇرسالىق ئىسمائىل ھاككى ھەزرەتلىرى نىيەتنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ "ئەبرار" يەنى ياخشىلارغا ئائىت بولىدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچى تۈرىنىڭ "مۇقەررەبۇن" يەنى ھەقىقەتتە اللەقا يېقىن بولغانلارغا خاس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، يامان نىيەتنىڭ كاپىرلارغا، ئەڭ يامان نىيەتلەرنىڭ مۇناپىقلارغا خاس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن.

بىز بۇ يەردە شەخسىي مەنپەئەتتىن خالىي، ئاخىرەت ۋە اللە رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان "ياخشى نىيەت"نى كۆزدە تۇتماقتىمىز. "ياخشى نىيەت"نى "سەمىمىيەت" ياكى

”ئىخلاس“ دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان ساغلاملىق ئالامىتى ۋە ياخشىلىق نۇرى بولۇپ، بۇ نۇردىن مەھرۇم قېلىش دېمەك ـ قەلبى قارىداپ كېتىش ۋە ساغلاملىقىنى يوقىتىپ قويۇش دېمەكتۇر. ئەگەر بىر مۇسۇلمان مۇئامىلىسىگە خاس نىيەتتە بولمىسا، يەنى ئىچى بىلەن تېشى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىسا، ئۇ ئەڭ يامان نىيەتلىك مۇناپىقلاردىن بولۇپ قالىدۇ. مۇناپىق ـ كاپىردىنمۇ بەتتەردۇر. ئۇلۇغ اللّٰه: ﴿ھەقىقەتەن مۇناپىقلار جەھەننەمنىڭ ئەڭ ئاستىغا تاشلىنىدۇ[1]﴾ دېگەن ئايىتى ئارقىلىق ئىمان ۋە ئەمەلدە ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ بەرمەكتە.

## نىيەت ياخشى بولسا...

ياخشى مۇسۇلمان بولۇش ـ ئالدى بىلەن ياخشى نىيەتلىك بولۇش، ياخشىلىققا نىيەت قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ياخشى نىيەتلىك بولمىغان كىشى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ”ياخشى“ بولالمايدۇ. نىيەت ياخشى بولغاندىلا ياخشى بولغىلى، ياخشىلىققا ئېرىشكىلى

[1] سۈرە نىسا، 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئۈزۈن ھەدىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

«سىلەرگە بىر سۆز قىلىمەن، ئېسىڭلاردا ياخشى تۇتۇڭلار! دۇنيادا مۇنداق تۆت خىل ئىنسان بار: بىرىنچىسى، الله تائالا مال ۋە ئىلىم بەرگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى قولىدىكى ئىمكانىيەتنى الله ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، تۇغقانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەرئالىدۇ، ماللىرىدا اللهنىڭ ھەققى بارلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇ، دەرىجىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ئىككىنچىسى، الله تائالا ئىلىم بېرىپ، مال ـ دۇنيا بەرمىگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ياخشى نىيەت بىلەن: ”ئەگەر مېنىڭمۇ مېلىم بولسا ئىدى، مەنمۇ شۇ (بىرىنچى) كىشىگە ئوخشاش ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولاتتىم“ دەيدۇ. بۇ كىشى ياخشى نىيىتىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئالىدىغان ساۋابى ئوخشاش بولىدۇ».

ئەمدى ئويلىنىپ كۆرەيلى، بىر كىشىنىڭ ئەمەل ئارقىلىق ئېرىشكىنىگە يەنە بىر كىشىنىڭ ياخشى نىيەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىشى، ياخشى نىيەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى نېمىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغىنىنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟! ئۇنداق ئىكەن، قولىدا ياخشىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلار ياخشى نىيەتتە بولسا، ناھايىتى چوڭ ياخشىلىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ دېمەكتۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، داۋاملىق ياخشىلىقنى نىيەت قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما داۋاملىق ياخشىلىق قىلغىلى بولمايدۇ. «مۆئمىنىنىڭ نىيىتى

ئەمىلىدىن ئۈستۈندۇر» دېگەن رىۋايەتمۇ بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز باشقا بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «كىم بىر ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا، اللە ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق (قىلغانىنىڭ ساۋابىنى) يازىدۇ؛ ئەگەر ياخشىلىق قىلىش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، اللە تائالا ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىقتىن 700 ياخشىلىققىچە، ھەتتا تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ».

ياخشى مۇسۇلمان ۋە ياخشىلىققا ئېرىشىدىغان مۇسۇلمان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ياخشى بولغان ۋە ھەركىم ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىيالايدىغان مۇسۇلماندۇر. يامان ئويدا بولغانلار ۋە يامانلىقنى پىلانلىغانلار گەرچە بۇ پىلاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرمىغان بولسىمۇ، ياخشى دەپ قارالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى يامانلىق ئويلىغان ھەم ئەمەلىيلەشتۈرگەنلەرگە، يەنى تېخىمۇ يامانلارغا نىسبەتەن ياخشىلىقتۇر.

**دىلنىڭ پاكلىقى**

"ياخشى نىيەت"نىڭ يەنە بىر مەنىسى "دىلنىڭ پاكلىقى"دۇر. دىلنىڭ پاكلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئىش - ھەرىكەتنىڭ نېگىزىدا كۆرۈلىدۇ. ھېچ ئىش قىلماستىن ياكى پەرز ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بەرمەي ياكى چەكلەنگەن، يەنى ھارام ئىشلارنى قىلىچە ئەيمەنمەستىن، بىخارامان،

ھەتتا مەدەنىيلىك ۋە زامانىۋىيلىق دەپ قىلغاندىن كېيىن، قەلبنىڭ ساپلىقىدىن سۆز ئېچىش تولىمۇ كۆلكىلىك بولىدۇ. ”ئادەمنىڭ سۆلتىگە قارىما، مېھنىتىگە قارا“ دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان. ساپ قەلب ۋە ياخشى نىيەت ياخشى ئىش - مۇئامىلىلەردە نامايەن بولىدۇ. باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغانلاردا ساپ قەلب، ياخشى نىيەت نېمە قىلسۇن؟!

## نىيەت توغرا بولمىسا...

ياخشى نىيەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت، مەيلى قانچىلىك مۇھىم ۋە پايدىلىقتەك كۆرۈنسىدىن قەتئىينەزەر، نەتىجىدە پۇشايمان ۋە ئازاپتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى ھەممىدىن بۇرۇن سوئال - سوراق قىلىنىدىغان كىشى شېھىد بولغان كىشىدۇر. الله تائالا ئۇ كىشىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ كىشىمۇ ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇ كىشىدىن:

- شۇ نېمەتلىرىم ئۈچۈن نېمە قىلدىڭ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى:

ـ شېھىت بولغىچە، سىنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلدىم، ـ دەيدۇ. الله تائالا:

ـ يالغان سۆزلىدىڭ، سەن: "باشقىلار مېنى باتۇر ئىكەن دېسۇن" دەپ ئۇرۇش قىلدىڭ، خەلق سېنى "باتۇر ئىكەن" دېدى. دېمەك، سەن شۇ مەقسىتىڭگە يەتتىڭ، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى بۇيرۇق بىلەن دۈم قىلىپ سۆرەلگىنىچە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ.

ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان بىر كىشىنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغىمۇ ئۆزى ئېھسان قىلغان نېمەتلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ كىشى الله تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭدىن:

ـ شۇ نېمەتلەردىن پايدىلىنىپ نېمە قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى:

ـ ئىلىم ئۆگەندىم، باشقىلارغا ئۆگەتتىم ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم، ـ دەيدۇ. الله تائالا:

ـ يالغان سۆزلىدىڭ، سەن: "خەلق مېنى ئالىم ئىكەن دېسۇن" دەپ ئىلىم ئۆگەندىڭ. "نېمىدېگەن مۇڭلۇق ئوقۇيدۇ دېسۇن" دەپ قۇرئان ئوقۇدۇڭ، ـ دەيدۇ. ئاندىن بۇيرۇق بېرىدۇ، ئۇ كىشىمۇ دۈم پېتى سۆرۈلۈپ، جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، الله تەرەپتىن ھەرخىل ئىمكانىيەت ۋە مال ـ دۇنيا بېرىلگەن باي كىشى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

- قىنى، سەن شۇ نىمەتلىرىمنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ نىمىلەرنى قىلدىڭ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم:

- سەن پۇل چىقىم قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغان ھېچ بىر يەردىن قالمىدىم، پەقەتلا سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن بەردىم، خەير - ساخاۋەت قىلدىم ۋە سېنىڭ يولۇڭدا خەجلىدىم، - دەيدۇ. اللہ تائالا:

- يالغان سۆزلىدىڭ، ئەمەلىيەتتە سەن بۇلارنى: "خەقلەر ئىمىدىگەن سېخىي كىشى؟!" دېسۇن دەپ قىلدىڭ، خەلق سېنى: "سېخى كىشى" دېدى، غەرەز - مەقسىتىڭگە يەتتىڭ، - دەيدۇ. ئاندىن ئۇمۇ دۈم قىلىپ سۆرەلگىنىچە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ».

شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ ھەدىس شېھىدلىك، ئالىملىق، بايلىقتەك ئىمكانلارنى توغرا ۋە ياخشى نىيەت بىلەن قوللانمىسا، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، كۆرۈنۈشتە ئىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتىجىنىڭ قەلبىتىكى ئەسلى نىيەتكە كۆرە بېكىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە بەكمۇ ئۇچۇق ۋە ئاچچىق مىساللارنى بەرمەكتە.

ئۇنداقتا، رۇخسەت قىلساڭلار، يەنە بىر قېتىم تەكرارلايلى: "ياخشى مۇسۇلمان - بارلىق ئەمەللىرىنى ياخشى نىيەت بىلەن، اللہ ئۈچۈن قىلىدىغان مۇسۇلماندۇر".

بۇلار، جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا، ماختىشىغا ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ ۋە ئىمانىنىڭ ئۆلچىمىگە ئىناۋەت بېرىدىغان ۋە شۇنداق ھەرىكەت قىلىدىغانلاردۇر.

دىنىنى سۈيىئىستېمال قىلىش ۋە ئۇنى دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋاستە قىلىشقا ئۇرۇنۇش ياخشى مۇسۇلماننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، قىيامەتتە: "يالغان سۆزلىدىڭ" دەپ دەككىسىنى يېيىش ۋە جازالىنىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى: ﴿ئۇ كۈن مال ۋە بالا ـ چاقا پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ۋە پەقەت اللهنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب (ياخشى نىيەتلىك ئەمەللەر) بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ[1]﴾.

ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، سەممىي ۋە ياخشى نىيەت بىلەن قىلىغان ئىشلار ياخشى بولۇشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاساسلىق شەرتىدۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، "كۆڭۈلسىز يېگەن ئاش، يا قورساق ئاغرىقى ياكى باش ئاغرىقى"دۇر.

## ئۆرپ ـ ئادەتمۇ، ئىبادەتمۇ؟

ئۆرپ ـ ئادەت ياكى ئىش ـ ھەرىكەت دەپ قىلىغان ئىشلاردا قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە يوق. نىيەت دۇرۇس بولسا، ئۆرپ ـ ئادەت دەپ قىلىغان ئىشلارمۇ بىر خىل ئىبادەت ھۆكمىگە كىرىدۇ. شۇڭا: "ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن ئىبادەتنى ئايرىيدىغان نەرسە نىيەتتۇر" دېيىلگەن. شۇنداق قارايمەنكى، زامانىمىز مۇسۇلمانلىرى ئەمەلسىزلىكتىنمۇ

[1] سۈرە شۇرا، 88 ـ ۋە 89 ـ ئايەتلەر.

بەكىرەك ياخشى نىيەتكە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇۋاتىدۇ. ماددىي مەنپەئەت ھەر كىشىنى ياخشى نىيەتتىن، خالىس ۋە مەرتلىكتىن ئاساسەن يىراقلاشتۇرۇپ، رىيا ۋە سۇنئىي ئىش - ھەرىكەتلەرگە باشلاپ قويۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ چوقۇم يىراق تۇرۇشى كېرەك بولغان ناچار ئەھۋالدۇر.

## سۆزنىڭ مېغىزى

ھەدىسلەرگە كۆرە، ”ياخشى مۇسۇلمان“ ئەمەللەرنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بويىچە نىيەتلىرىنى تىزگىنلەپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالىغان، يەنى قەلبىدە ”ياخشى نىيەتلىك بولالىغان كىشى“دۇر.

مېھرىبان الله ھەممىمىزگە مۇشۇنداق دۇرۇس نىيەتلىك بولۇشنى نېسىپ قىلسۇن - ئامىن!

## تولۇق بويسۇندۇ

عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم لا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يَكُونَ هَوَاهُ تَبَعًا لِمَا جِئْتُ بِهِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاۋايى - ھەۋەسلەر مېنىڭ يەتكۈزگىنىمگە بويسۇنمىغىچە، ھېچبىرىڭلار ياخشى مۇسۇلمان بولالمايسىلەر».

## شۇ نەپسى - خاھشنىڭ ھالىغا ۋاي!...

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھېس - تۇيغۇ ۋە ھەۋەسلىرىمىز بىزنى كۆپىنچە ھاللاردا ئىختىيارلىقتا، ھەتتا سەركەشلىككە ۋە چەكلىمىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھېسسىياتقا تايىنىپ ياشاشقا ئۈندەيدۇ. ئىنتىزام، تەرتىپ، ئۆلچەم ۋە تىزگىنلەشنى پەقەتلا خالىمايدۇ.

بىز بىلىدىغان يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى، مۇسۇلمانلار سەركەش ھاياتقا ئەمەس، بەلكى ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلىرىغىچە ئەتراپلىق سوئال - سوراق قىلىنىدىغان ھاياتقا ئىگە.

بۇ ئىككى ھەقىقەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلاشقاندا، شۇنى ناھايىتى ئاسان كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، ھېسابىمىزنى ئوڭ تەرەپتىن، ئاسان بىرىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز بىزگە يەتكۈزگەن ئىسلامىي ئاساسلارغا تولۇق رىئايە قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، "كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ياشاش" بىزنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇ توغرۇلۇق ئوچۇق بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1].

ھاۋايى ـ ھەۋەس ھەقتىن ئېزىپ، ھەقىقەتكە خىلاپ يول تۇتتۇشتۇر. بىر ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەقلى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەپسى - خاھىشى بىلەن قارشى چىقىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇ ھەقىقەت مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاپ بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى - خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ﴾[2].

ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىش ھەقتىن ئېزىش دېمەكتۇر. ئۇلۇغ الله يۇقىرىقى ئايەتنىڭ داۋامىدا مۇشۇ

---

[1] سۈرە نىسا، 65 ـ ئايەت.

[2] سۈرە قەسەس، 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ: ﴿الله ۋەھىي قىلغان توغرا يولنى قويۇپ، نەپسى - خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟﴾[1].

ھەزرىتى ئەلى بىر سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: ”سىلەردىن ئىككى تۈرلۈك ئىشتا ئەندىشە قىلىمەن. بىرى، ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە ئەگىشىش. يەنە بىرى، ئاخىرى چىقمايدىغان ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇش. ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىش ھەقنى كۆرۈش ۋە ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن توسىدۇ. ئاخىرى چىقمايدىغان ئەمەللەر سىلەرگە ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ“.

مانا بۇلاردىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ”ياخشى مۇسۇلمان“ ئالدى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىغا تولۇق بويسۇنۇشى كېرەك. تولۇق بويسۇنۇش ھاۋايى - ھەۋەس ۋە ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ﴿ئى مۆئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتتىكى چاقىرىق بۇ نازۇك نۇقتىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرمەكتە. دېمەككى، ”ياخشى مۇسۇلمان“ دېگىنىمىز، مۇسۇلمانلىققا چىن دىلىدىن باغلانغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلىق ئۆلچىمى بويىچە مۇسۇلمان بولغان كىشىدۇر.

[1] سۈرە قەسەس، 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئەقلىيەچىلىك قىلمايلى...

نەپسى ـ خاھىشنىڭ سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىغا بويسۇنۇشى تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە ئىچىدىن چىققىلى بولمايدىغان زامانىمىزدا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى كۆپىنچىمىز ئەسلىدە بىزگە يات ۋە نامۇناسىپ ياشاش ئۇسۇلىغا مايىل بولۇپ، قۇچاق ئېچىۋاتىمىز. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر ئىلاھلاشتۇرۇلغان مۇھىتتا ياشاۋاتىمىز. ئومۇمەن، ھەر كىم دېگۈدەك ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە ياشىغان ھالەتتە "مۇسۇلمان" بولۇشقا تىرىشماقتا. شۇ ھالى بىلەن ئىسلام ئاساسلىرى ئارىسىدا زىتلىق بارلىقىنى ھېس قىلالمايۋاتىدۇ. مەسىلىلەرنى كۆپىنچە ئەقلىيەچىلىك بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، ئەقلىيەچىلىكنىڭ ئارقىسىدىكى ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ. ھەتتا بۇ "ئەقلىيەچىلىك"تىن باشلانغان ئاساسسىز تەبىرلەر دىنىمىزنىڭ ھۆكمى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن بەزى مەسىلىلىرىدىمۇ كۆرۈلمەكتە. ھالبۇكى، "ئېنىق ھۆكۈم بار يەردە ئىجتىھادقا ئورۇن يوق". دېمەك، ھۆكمى ئېنىق بەلگىلەنگەن دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە شەخسىي كۆز قاراشقا رۇخسەت يوق ئىكەن، ھېچبىر ئىلمىي ئاساسى بولمىغان تەبىرلەرگە، ئەلۋەتتە، تېخىمۇ رۇخسەت يوق.

## ئارزۇلارنىڭ ھۆرلۈكى

مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر مېنىڭ يەتكۈزگىنىمگە بويسۇنمىغىچە، ھېچبىرىڭلار ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايسىلەر» دېگەن ھەدىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەت تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولماقتا. ئەسلىدە ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىمىزنىڭ، ئارزۇلىرىمىزنىڭ ھۆرلۈكى مۇشۇ ”بويسۇنۇش“نىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇنى پەقەت ئازغىنە كىشىلەر ھېس قىلىپ يەتمەكتە ۋە ھەقىقىي ”بويسۇنۇش“ ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ئەبەدىي خۇشاللىق ئىچىدە ياشىماقتا.

تاشقى دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىچكى دۈشمەننى يېڭىش مۇھىم بولغاندەك، ياخشى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئىچىمىزدىكى ناچار ئىدىيە دەپ قارالغان ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزگىنىگە بويسۇندۇرۇش شەرت. مېنىڭچە، نەپس بىلەن قىلىنغان جىھاتنىڭ ”جىھاتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى“ دەپ تەرىپلىنىشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

## سۈننەتكە ئەمەل قىلىدۇ...

**عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ ...فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِي فَلَيْسَ مِنِّي.**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مېنىڭ يولۇمنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ، ئۇ مەندىن ئەمەس».

### پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە سالاھىيتى

مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئىككى ئاساسىي ۋەزىپىسى بار ئىدى: بىرى، تەبلىغ قىلىش؛ ئىككىنچىسى، چۈشەندۈرۈش.

تەبلىغ قىلىش: الله تائالادىن ۋەھيى يولى بىلەن ئالغانلىرىنى ئىنسانلارغا ئۆز ئەينى يەتكۈزۈش ۋە ئاڭلىتىش دېمەكتۇر. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر

تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن، الله سېنى ئىنسانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[1].

چۈشەندۈرۈش بولسا، يەتكۈزۈلگەنلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، تەدبىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇسۇللىرىنىڭ ئەمەلىي كۆرسىتىلىشى، ئۆگىتىلىشى دېمەكتۇر. بۇ ھەقىقەتنى مۇنۇ ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى يېشىش، چۈشەندۈرۈش، تەكىتلەش ياكى قۇرئاندا ئېنىق ھۆكمى بولمىغان خۇسۇسلارنى دىنىي ھۆكۈمگە باغلاش ئۈچۈن قىلغان سۆزى ياكى ئەمەلىي تەبلىغىدىن سۈننەت مەيدانغا كېلىدۇ. تەبلىغ پەيغەمبەرنىڭ شەخسىي ئارزۇسى بويىچە قوللىنىشىغا بېرىلمىگىنىدەك، ھەرقانداق ئالىمنىڭمۇ سۈننەتنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشىگە ئىمكان يوق. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغلىرى مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى ئامىل بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش لازىم. بىر ئايەتتە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن:

[1] سۈرە مائىدە، 67 ـ ئايەت.

﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾[1].

## مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە شۇنىڭغا قارىتا ياشاش ئاللاھ تەرەپتىن بىزگە بېرىلگەن ۋەزىپىدۇر. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[2]؛ ﴿پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[3]؛ ﴿پەيغەمبەر

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 32 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 65 ـ ئايەت.

سىلەرنى نېمىگە بۇيرىسا، ئۇنى قىلىڭلار، نېمىنى توسقان بولسا، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار﴾[1]؛ ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، اﷲقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾[2].

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلامنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولغان سۈننەت ئىسلامنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ روھىغا ئاساسەن ياشاش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك يولىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى تەقۋالىق سەۋەبىدىن ياكى هورۇنلۇق ۋەياكى بىپەرۋالىق سەۋەبىدىن بولسۇن، سۈننەتنىڭ سىرتىدا قېلىشقا، سۈننەتسىز مۇسۇلمانلىققا رۇخسەت قىلىنمىغان. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارغا مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىرەرسى سۆزلەپ بېرىلگەندە، ئىسىل تۆشەكلەرگە يۆلەنگەن ھالدا: ”بىلمەيمەن، اﷲ قۇرئاندا نېمىگە بۇيرىغان بولسا، شۇنى قىلىمىز“ دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي»[3]؛ «رەسۇلۇللاھنىڭ ھارام قىلغىنى اﷲنىڭ ھارام قىلغىنى بىلەن بىردەكتۇر»[4].

---

[1] سۈرە ھەشىر، 7 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 80 ـ ئايەت.

[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[4] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

## سۈننەتكە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ

يۇقىرىدىكىلەر شۇنى ئوچۇق قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، سۈننەتكە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ''سۈننەتكە ئەمەل قىلمايدىغان مۇسۇلمانلىق چۈشەنچىسى'' ياخشى مۇسۇلمانلىقنىڭ قوللىماسلىقى كېرەك بولغان ئازغۇن پىكىردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ۋە ھەقىقىي يولباشچىسى ــ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق پىكىر، تەكلىپ ۋە لايىھەلەر نەزەرگە ئېلىنمايدۇ ۋە ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ. شۇنىسى مۇھەققەقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ئۇسلۇبلىرىدىن ھەرقانداق بىرىنى تاللاشقا بولىدۇ.

ياخشى مۇسۇلمان سۈننەت بولمىغان يەردە بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. چۈنكى بىدئەت ـ ئازغۇنلۇقنىڭ سەۋەبچىسى[1].

ئۇنداقتا، ياخشى مۇسۇلمان دېگىنىمىز، سۈننەت بىلەن ياشايدىغان، سۈننەتكە كۆرە مۇسۇلمان بولىدىغان كىشىدۇر.

---

[1] مۇسلىم: «جۇمئە»؛ ئەبۇ داۋۇد: «سۈننەت»؛ نەسائى: «ئىككى ھېيت»؛ ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»؛ دارىمى: «مۇقەددىمە».

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلمىغىنىنى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ھاياتىغا تەدبىقلاپ ياشاشقا غەيرەت قىلغانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنىكى ساھابىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردۇر. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى نۇرغۇن مەسىلىدە: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلمىغىنىنى مەن قانداقمۇ قىلاي؟!...“ ياكى: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىنى مەن قانداقمۇ تەرك ئېتەي ياكى ئۆزگەرتىۋېتەي؟!...“ دېگەندەك چۈشەنچە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى بىرمۇ بىر تەدبىقلاپ ماڭغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توختىغان يېرىدە توختاپ، تېز ئۆتكەن يەرلەردىن ئوخشاش شەكىلدە تېز ئۆتكەن، يەنى ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە ئەگىشىشتە مەشھۇر بولغان ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كۈنى پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىدكە كىرىپ كېتىۋاتقىنىدا، مۇئەززىنىنىڭ: ”ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىدۇر“ دەپ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ ۋە يېنىدىكى دوستىنىڭ قولىنى تارتىپ: ”بۇ، بامدات ناماز ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ، پېشىن ۋاقتىدا بۇنداق ئوقۇش بىدئەتتۇر، مەن بىدئەت بار مەسچىدتە ناماز ئوقۇشنى خالىمايمەن“ دېگىنىچە، ئەزان ئوقۇلۇۋاتقاندا مەسچىدتىن چىقىپ

كىتىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەن...

## كىم يۈز ئۆرۈسە...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە، شۇنداقلا بىز ئۇممەتلىرىگە ئۆزىنىڭ سۈننىتىنى قانداق تەتبىقلاش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، مەيلى قانداق سەۋەپ بىلەن بولمىسۇن، سۈننەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشكە ھەرگىز ماقۇللۇق بىلدۈرمىگەنىدى. ئىبادەتلىرىنى ئاز كۆرۈپ، داۋاملىق روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغان ۋە ئاياللىرىدىن يىراق تۇرغان بىر نەچچە ساھابىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دەرھال ئىزدەپ تېپىپ، مۇنداق دېگەنىدى: «شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا اللە تائالادىن ئەڭ كۆپ قورقىدىغان كىشى مەن بولىمەن. ئەمما مەن بەزى كۈنلىرى روزا تۇتىمەن، بەزى كۈنلىرى تۇتمايمەن. كېچىلىرى ھەم ئىبادەت قىلىمەن ھەم ئۇخلايمەن. ئاياللىرىم بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە ياكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، ئۇ مېنىڭ يولۇمنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. ئەنە شۇ مەندىن ئەمەستۇر»[1].

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىلاھىي ئىرادىگە پۈتۈنلەي ماسلاشقان، مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقتا يولۇقۇشى ۋە كۆلپەت چېكىشىدىن قاتتىق ئازابلانغان[1]، ئەڭ ياخشى ئۆرنەك[2]، شەپقەتلىك[3] ۋە ئالەملەرگە مەرھەمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن[4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز سۈننىتىگە قارشى كۆرسەتكەن بۇ مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ ئىنكاسى ياخشى مۇسۇلماننىڭ ئەگىشىشى كېرەك بولغان بىردىنبىر يولنىڭ قايسىسى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ”سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى اللهنىڭ كىتابى (يەنى قۇرئان)؛ يوللارنىڭ ئەڭ توغرىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى (يەنى سۈننەت)دۇر“[5].

---

[1] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[2] سۈرە ئەھزاب، 21 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[3] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[4] سۈرە ئەنبىيا، 107 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[5] بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى، ئىبنى ماجە، دارىمى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

# خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادتىن يىراقتۇر...

**عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ مِنْهُ فَهُوَ رَدٌّ. وَفِي رِوَايَةِ مَنْ عَمِلَ عَمَلًا لَيْسَ عَلَيْهِ أَمْرُنَا فَهُوَ رَدٌّ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى دىنىمىزدا بولمىغان بىرەر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «كىم دىنىمىزدا بولمىغان بىر ئەمەلنى قىلماقچى بولسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ»[1].

## هازارەت مەسلىسى

"ھەقىقەت"نىڭ زىت مەنىسىنىڭ "خۇراپات" ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. خۇراپات دېگىنىمىز، ئەسلى ـ ۋەسلى بولمىغان، توقۇلما، ساپ ۋە توغرا ئېتىقادنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋېتىلگەن، بەزى زامان ۋە ماكانىنىڭ بەخت ياكى (كۆپىنچە ھاللاردا) بەختسىزلىك

[1] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېگەنگە ئوخشاش يالغان ـ ياۋىداق سۆز ـ چۆچەكلەردىن ئىبارەت. باتىل ئېتىقاد بولسا، مانا مۇشۇ ئاساسسىز سۆزلەرگە ئىشىنىش، سۈننەت ئەمەللەرنى تەرك ئېتىپ، بۇ ئېغىمۋالارغا ئەگىشىپ مېڭىش دېمەكتۇر. شۇنداقلا، تېمىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ھەدىستە دېيىلگىنىدەك ”رەت قىلىنىدىغان ئىش“تۇر.

دېمەك، توغرا بولغان دىنىي ھايات ئۈچۈن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشى مۇسۇلمان بولۇپ ياشاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن توغرا بولغان ئىمان ئاساسلىرى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىبادەت ھاياتىغا ئىگە بولۇش، ئاندىن كېيىن، خۇراپىيلىق ۋە باتىل ئېتىقادلاردىن ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىش كېرەك.

ھەرقايسى دەۋر ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئازدۇر ـ كۆپتۇر بولسىمۇ كۆرۈلگەن خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلار شۇ دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەل قىلىشىغا تېگىشلىك ئورتاق مەسىلە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ تېگىدە ئاساسەن جاھالەت، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن، تەشۋىقات، نەپ ۋە شەخسىي مەنپەئەت دېگەندەكلەر ياتماقتا.

يەنە بىر جەھەتتىن، خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلار كۆپىنچە تەن ساقلىقى، كۈندىلىك ئېھتىياج ۋە كېلەچەك ھەققىدە ئالدىن مەلۇماتلىق بولۇش دېگەندەك ئىشلاردا، بولۇپمۇ، ئاياللار ئارىسىدا كەڭ ئۇچرايدۇ. ”تۇرمۇش

سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، سەھىيە مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش دېگەندەك تەدبىرلەر ئارقىلىق خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلارنى تۈگەتكىلى بولۇشى مۇمكىن“ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلارنىڭ زامانىۋى ۋە يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتلىرىدىمۇ كۆرۈلۈشى بۇ قاراشنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك مات قىلىپ قويىدى. بۇ ئەھۋال، خۇراپاتلىق ۋە بىدئەتنىڭ ئىقتىساد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ھازارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا.

## دىنىي بىلىمى يېتەرلىك بولمىسا...

يەنە بىر تەرەپتىن، خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادقا ئالدىنىپ، ئۇلارنى جېنىنىڭ بېرىچە قوغدايدىغان ۋە خاتالىق ئۈستىدە چىڭ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ھېچ شەك يوقكى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ تېگىدە قاراڭغۇ ۋە قورقۇنچلۇق جاھالەت ياتماقتا. دىنىمىزنىڭ ئىنسانىيەت ۋە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئىمان ئاساسلىرى، ئىبادەت ۋە ئەخلاق قوراللىرى ۋە بۇلارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەللەر توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولغانلارنىڭ بۇ خىل خاتالىقنى ئۆتكۈزۈشى، ھېچ بولمىغاندا، پرىنسىپ جەھەتتىن مۇمكىن ئەمەس.

جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدىن بولمىسۇن، يېتەرلىك دەرىجىدە دىنىي مەلۇماتى يوق ۋە ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادقا ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىدىغىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنى يېتەرلىك دەرىجىدە دىنىي بىلىمگە ۋە دىنىي مۇھىتقا ئىگە قىلىش، مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلارنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئىشەنگەنلەرگە يېتىدۇ. چۈنكى خۇراپات ۋە باتىل ئېتىقاد ئىنسانلارنى (ئۇلارغا سەزدۇرمەيلا) توغرا يولدىن چىقىرىدۇ. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقنىڭ ئازغۇنلۇقتا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «سۆزنىڭ ئەڭ توغرىسى اللهنىڭ كىتابى؛ يولنىڭ ئەڭ توغرىسى مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ يولىدۇر. ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭىدىن پەيدا قىلىنغىنى بولۇپ، بۇ خىل ئۆيدۇرمىلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقتۇر، بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر، گۇمراھلار دوزاخ ئەھلىدۇر»[1].

[1] نەسائى رىۋايەت قىلغان.

## ئانارخىزم

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقاد دېگەن، ئېتىقاد، قۇللۇق، مىننەتدارلىق ۋە سادىقلىق تۇيغۇسىنى يامان تەرەپكە ئىشلىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتتە ئۇقۇم ۋە قىممەت قاراشلىرىدا زىددىيەت كېلىپ چىقىشقا سەۋەب بولىدۇ. ھەتتا بەزى دىنىي ئاساسلار ۋە ئەمەللەرمۇ يېتەرلىك دىنىي بىلىمى بولمىغانلار تەرىپىدىن خۇراپات ۋە بىدئەت دەپ قارىلىشقا ۋە تەنقىدلىنىشكە ئۇچرىماقتا. گېزىت ـ ژۇرنال ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردىمۇ پات ـ پات بۇ خىل سەپسەتىلەرنى ياقلايدىغان خەۋەر ـ پروگراممىلار تارقىتىلىۋاتماقتا.

تەقۋالىق دەپ قاراپ، خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادنى ياقلىغانلار ھەقىقىي دىنىي ئاساسلارغا ھەقسىزلەرچە تۆھمەت چاپلاشقا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى بىر يامانلىققا سەۋەبچى بولۇش، ئۇ يامانلىقنى قىلغان بىلەن ئوخشاش.

خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا بەختسىزلىك، پىتنە ـ پاسات ۋە يولسىز تەلۋىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى دەرھەقىقەت. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەستىن، بەزى ئاچكۆزلەرنىڭ ھارامدىن پۇل تېپىشىغىمۇ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىلمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ساپلىقى، ئاسانلىقى

ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقى ئېنىق بولغان ئىسلامىي ھاياتتا بىر خىل ئانارخىزىم پەيدا قىلماقتا.

## تەقۋادارلىق دېگەن...

خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادقا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئەھۋاللىرىنى تەقۋادارلىق دەپ قاراپ، ئۆزلىرىگە قارشى چىققانلارنى ئېتىقادسىز، ئىمانسىزلار قاتارىغا چىقىرىدۇ. ۋاھالەنكى، دىندا قوبۇل بولمايدىغان چۈشەنچە ۋە ئەمەللەر بىلەن تەقۋا بولغىلى بولمايدۇ. تەقۋالىققا پەقەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، دىنىنىڭ ئەمىر -پەرمانلىرىنى دىن بۇيرىغان شەرتلەر بويىچە ئورۇنلاش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇراپىيلىق ۋە بىدئەتلەرنى تەقۋالىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش - يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئېزىپ - تېزىش ۋە ئالدام خالتىغا چۈشۈشتۇر.

## سانىنىڭ كۆپلۈكى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ

خۇراپاتلىققا ۋە باتىل ئېتىقادقا ئەگەشكۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرغاندا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش قارايدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خاتالىقلىرىنى قوغداشقا ۋە

ئۇنى توغرا كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. كۆپ قىسمى خاتانى توغرا، خۇراپىيلىقنى ھەقىقەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرخىل باھانە ئويدۇرىدۇ. بۇمۇ باشقا بىر خىل خاتالىقتۇر. چۈنكى، كۆپىنچە كىشى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىرلىشىپ، بىر خاتالىق ياكى خۇراپاتلىقنى قوغدىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، خۇراپىيلىقنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرالمايدۇ. چۈنكى، رىئاللىقنىڭ ئۆلچىمى پەقەت ھەقىقەتتۇر. قۇرئاندا ئېنىق ئېيتىلغىنىدەك: ﴿ھەقىقەت اللە تەرىپىدىن كەلگەندۇر﴾[1] .

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىستە بىزنىڭ ئېزىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كېتىمەن. بۇلارغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، يولۇڭلاردىن ئازمايسىلەر (خۇراپاتلىققا ۋە بىدئەتكە ئەگەشمەيسىلەر). ئۇلار بولسىمۇ، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدۇر»[2] .

خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلارنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۈزۈندىن ئۈزۈن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلار ئەسلىدە ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس نەرسىلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلماقتا. شۇڭا بىز خۇراپاتلىق ۋە باتىل ئېتىقادلاردىن يىراق تۇرۇپ، ئەقىل، ئىلىم ۋە دىنىنىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 147 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

نۇرىغا تايانغان ھالدا ھەقىقەتكە ساھىب چىقىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆرنەك ھاياتى ۋە تەۋسىيەلىرى، يەنى ھاياتى سەرگۈزەشتىسى ۋە سۈننىتى تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ يېگانە رەھبىرى بولۇشى لازىم.

ﷲ تائالا خۇراپات ۋە باتىل ئېتىقاد ئارىلاشمىغان ئىسلامىي ھاياتىمىزنىڭ بولۇشىغا ياردەم قىلغاي ـ ئامىن!

## ھەقىقىي مۇسۇلماندەك ياشاشقا تىرىشىدۇ

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا أَحْسَنَ أَحَدُكُمْ إِسْلاَمَهُ فَكُلُّ حَسَنَةٍ يَعْمَلُهَا تُكْتَبُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا إِلَى سَبْعِمِائَةِ ضِعْفٍ وَكُلُّ سَيِّئَةٍ يَعْمَلُهَا تُكْتَبُ بِمِثْلِهَا حَتَّى يَلْقَى اللَّهَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىچىڭلاردا ئىمانىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنلەرنىڭ قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىغا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب يېزىلىدۇ. قىلغان ھەر بىر يامانلىقى ئۈچۈن قىلغىنىغا چۇشلۇق گۇناھ يېزىلىدۇ. تاكى الله بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر بۇ مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ».

### تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن...

نۇرغۇنلىغان كىتابلاردا بەزى ساھابىلەرنى "تەقۋادار كىشى ئىدى" دەپ تەرىپلەيدىغان ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ گۇۋاھلىق ۋە ئېنىقلىمىلار ئارىدىن شۇنچە ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىنسانغا باشقىچە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ ۋە كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ...

شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلىق دۇرۇس كۆڭۈل، توغرا نىيەت، ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس ـ ﷲ تائالانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىش ياكى بولمىسا، ﷲ تائالانىڭ ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر». شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان كىشى ”تەقۋادار“ دېگەن مەنىدە: ”پالانچى ئىخلاسمەن ئىدى“ دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئەرزىيەت يەتكۈزگەن ساھابىلەرنى تەرىپلەش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىشى دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن، ئىسلامنى سەمىمىي ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش لازىم. خاتا ياكى چالا بىلىم ۋە چۈشەنچە بىلەن توغرا بىر ئىسلامىي ھايات قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ، تەقۋادارلىقنىڭ بىلىم ۋە ئاڭ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، دىن ـ ئەمەلىيەتتۇر. ﴿ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق[1]﴾ دېگەن ئايەتتىكى ”شەكسىز بويۇن ئېگىش“ ئىبارىسى تەقۋادارلىقنىڭ تەتبىقىي پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ. ئاشكارا بىلەن يوشۇرۇننىڭ، ئىچى بىلەن تېشىنىڭ بىردەكلىكى مانا مۇشۇ ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. تەقۋادارلىق ـ مانا مۇشۇ بىرلىكنىڭ مېۋىسىدۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىككى مۇھىم بېشارەت

"تەقۋادارلىق" توغرىسىدىكى بىر ھەدىستە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى مۇھىم بېشارەت بېرىلگەن. بۇلاردىن كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى يۇقىرىقى ھەدىستە تىلغا ئېلىنىدى. ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى تۆۋەندە كېلىدىغان "تەقۋادارلىق" توغرىسىدىكى ھەدىسلەردە بايان قىلىنىدۇ. شۇنىسى مەلۇمكى، "ھەقىقىي مۇسۇلمانلار" ئىلگىرى (يەنى مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن) قىلغان گۇناھلىرى ھەققىدە سوراققا تارتىلمايدۇ، قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارىلانمايدۇ. «بىر بەندە ئىمان ئېيتىپ، پاك ۋە تەقۋادار بولسا، الله ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان ھېچبىر گۇناھىنى ئاشكارىلىمايدۇ».

باشقا ھەدىسلەردە ئىسلام دىنىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بارلىق گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى پۈتۈنلەي ئەپۇ قىلغانلىقى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن.

بۇ ھەدىسلەر مۇسۇلمان بولۇشنى، ئىماننى كۈچەيتىپ، تەقۋادار بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلارنى ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن روھىي بېسىمغا ئۇچراشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، "گۇناھىم بەك كۆپ" دېگەنگە ئوخشاش نادانلارچە باھانە كۆرسىتىشتىن توسىدۇ. شۇنداقلا، ھەر كىمنىڭ ئۆتمۈشكە خاتىمە بېرىپ، يېڭىلىنىش، ياخشىلىنىش ۋە تۈزىلىشكە ئىمكانىيەت

بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلۇغ الله بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز﴾[1]؛ ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2].

ئىلگىرىكى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ياخشىلىقتا يۈزلىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچى. ئىنسان تەبىئىي ھالدا، بىھۇدە ئۆتكەن ۋاقتىنى ۋە قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ ئورنىنى قانداق تولۇقلاش توغرىسىدا باش قاتتۇرىدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر: "بىر نەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈم قالدى. تۈزەلسەم ـ تۈزەلمىسەم نېمە پەرقى؟ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىمنى قانداقمۇ يۇيۇپ بولالايمەن؟!" دەپ ئويلايدۇ ۋە قالغان ئۆمرىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى يۇيۇشقا يەتمەيدىغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەردىن ئىلگىرىكىدەك ياشاۋېرىش ئارزۇسىدا دېيىلمىگەنلا بولسا، ئەلۋەتتە، نادانلارچە قىلىنغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەدىسلەردە ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ

---

[1] سۈرە كەھف، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە، 93 ـ ئايەت.

ھەر بىر ياخشىلىقى ئۈچۈن 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىدىن خۇش بېشارەت بەرمەكتە. ئۇنداق بولغانىكەن، چىن ئىخلاسى بىلەن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغۇچىلارغا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ”قاتمۇ قات ساۋاب“قا ئېرىشىش پۇرسىتى بار. ھېچقايسىمىز قاچان ۋاپات بولىدىغانلىقىمىزنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلماي، تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇشقا نىيەت قىلىش ۋە تىرىشىش، ”زىياننىڭ نەرىدىن قايتساڭ، پايدىغا ماڭسەن“ دېيىشتىن باشقا توغرا ۋە ئۈنۈملۈك يول يوق.

بولۇپمۇ، ئۈچ ئايلار ۋە رامىزان ئېيى ئىسلامىي ئىبادەتلەر ئەڭ كۆپ قىلىنىدىغان ۋە خەيرلىك ئىشلار ئەڭ كەڭ يېيىلىدىغان ئايلار بولۇپ، ئىمانىنى كۈچەيتىپ، ئىمانىنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىماقچى بولغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىش، كەلگۈسى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىش ۋە خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق بۇ دۇنيادا ھەقىقى مۆئمىن بولۇپ ياشاشقا، ئۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشكە چاقىرماقتا.

## بىر سوئال...

بۇ نۇقتىدا، ئىنساننىڭ ئەقلىگە: ”ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىغا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە مۇكاپات بېرىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىغا بېرىلىدىغان جازامۇ شۇنداق ھەسسىلەپ بولامدۇ؟“ دېگەن سوئال كېلىدۇ.

گەرچە بۇ سوئال مەنتىقىگە ئۇيغۇندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ توغرا جاۋابىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «كىشى قىلغان بىر يامانلىققا پەقەت بىرلا يامانلىق يېزىلىدۇ». ﷲ تائالامۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقى بىلەن باراۋەر جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[1]. ئۇنداقتا، بۇ جەھەتتىنمۇ ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

يۇقىرىقى ھەدىستىن، ﴿بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە 10 ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ﴾[2] دېگەن ئۆلچەمنىڭ ئىخلاسمەن، پاك ۋە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلار ئۈچۈن 700 ھەسسىگىچە ئاشۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مانا بۇ (ئۆلچەم) مۇسۇلمانلارنىڭ ”ئېھسان“غا يېتىشكە تىرىشىشى ئۈچۈن

---

① سۈرە ئەنئام، 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ئەنئام، 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرى سۈپىتىدە رول ئوينىماقتا. الله تائالامۇ: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾[1] دېيىش ئارقىلىق، ياخشىلىققا پەقەت ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇنداق بولغانىكەن، سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر، ھەممىمىز ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشقا، تەقۋادارلىققا ئالدىرايلى!

[1] سۈرە رەھمان، 60 ـ ئايەت.

# ئىمان، ئىبادەت، ياخشىلىق ۋە ياردەمنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش

عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّهَا قَالَتْ سُئِلَ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم أَيُّ الأَعْمَالِ أَحَبُّ إِلَى اللهِ قَالَ: «أَدْوَمُهَا وَإِنْ قَلَّ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: "ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ساۋابلىق ئەمەل قايسى؟" دەپ سورالغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاز بولسىمۇ، داۋاملىق قىلىنغان ئەمەلدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

## دائىملىق بەخت ئۈچۈن...

تەقۋا مۇسۇلمان ئۆزىدىكى ياخشى خىسلەتلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا تەقۋا مۇسۇلمان داۋاملىق ۋە ئۈزلۈكسىز قۇللۇق ھاياتىغا ئىگە. بۇ نۇقتا: ﴿سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾[1] دېگەن ئايەتتە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» قىلىپ يارىتىلغانلىقى خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ،

[1] سۈرە ھىجر، 99 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش جەريانىدا، ”ئىزچىل“لىققا دالالەت قىلىدىغان ئادەتتىكى زامان قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان[1]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىدىكى ئىمان، ئىبادەت، ياخشىلىق ۋە خىزمەتكە ئوخشاش ئىجابىي ئارتۇقچىلىقلارنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. مانا بۇ خۇسۇسىيەتلەردىكى ئىزچىللىق ”تەقۋادار مۇسۇلمان“نىڭ ئۆزگەرمەس خاراكتېرىدۇر.

دۇنيالىق ئىشلىرىدىكى ئۇتۇقلارمۇ مەلۇم بىر ئىنتىزام ئاستىدا ئىزچىل تىرىشىش نەتىجىسىدە كېلىدۇ. تامغان تامچە تاشنى تېشىدۇ، قەرەللىك ۋە ئۆلچەملىك ئوزۇق تەنگە ساغلاملىق بېغىشلايدۇ. دېمەك، ئىزچىل، ئۆلچەملىك ۋە مۇنتىزىم ئىش قىلماي تۇرۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا تۇراقسىز ئىش ـ ھەرىكەت، باش ـ ئايىغى يوق ئەمەللەر خۇددى ئارغامچىنى بىر تەرەپتىن توقۇپ، بىر تەرەپتىن چۇۋۇغاندەك، ئۆزى ـ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئىزچىللىق ـ كىشىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە چىنپۈتكۈزىدۇ. تۇراقسىزلىق ـ ئالدى بىلەن شۇ ئىشنى قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزگە بولغان

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ھەممىمىز بەختلىك كۆڭلىمىزنىڭ ئۆزۈن سۈرۈشىنى، مەڭگۈ داۋام قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بىر قۇلغا نىسبەتەن قۇلچىلىق قىلىش ئەڭ چوڭ بەختتۇر. مەۋلانا جالالىددىن رۇمى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "ئى اللە! ھەر قۇل ئازادلىققا ئېرىشكەن كۈنى خۇشال بولىدۇ. ئەمما مەن ساڭا ھەقىقىي قۇل بولالىغان كۈنۈم خۇشاللىقىمدىن قىن ـ قىنىمغا پاتمايمەن". ئۇنداق بولغانىكەن، ھەقىقىي قۇلچىلىقنىڭمۇ ئىزچىل داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىش لازىم. شۇنى ئۇنتۇپ قالمايلىكى، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىزچىل قۇلچىلىق قىلىش شەرت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئەمەل (ئىبادەت)دە ئارقىدا قالغان كىشىنى نەسەبى ئالغا ئىلگىرىلىتەلمەيدۇ»[1].

مانا بۇ ھەدىستىن ئىبادەتتىكى كەمچىلىكنى نەسەب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەر بىلەن تولۇقلاشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئىبادەتنى پەقەت ئىبادەت ئارقىلىقلا تولۇقلاشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

## ماختىنىش ـ ئۆزىنى ئالداشتۇر

ئۆزىدە قۇلچىلىقتىن قىلچە ئەسەر تېپىلمايدىغان، ئەمما بوۋا ـ مومىلىرى ياكى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ تەقۋادار، مۇللا ياكى ناھايىتى ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېكايەت قىلىپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ قالىمىز. بۇ خىل يوللار بىلەن تەسەللىي تېپىش قۇرۇق ئاۋارە بولۇش؛ ئۆتمۈشتىكى ياخشىلار بىلەن ماختىنىش بولسا، ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. ئەڭ توغرىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن ماختىنىش ئەمەس، بەلكى ھاياتىنى اللهقا قۇلچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش ۋە قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتۇر. بۇ ئىنسانلارغا الله تائالانىڭ: ﴿سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئەسلىتىپ قويۇش كېرەك.

نەسەبنىڭ، ئەجدادلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ ياخشىلىق ۋە ئۈستۈنلۈككە ۋەسىلە بولالمايدىغانلىقى مۇقەررەر. الله تائالانىڭ نەزىرىدە نەسەب ئەمەس، ئەمەلىمىز؛ شەكلىمىز ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ؛ كۆرەڭلىك ئەمەس، تۆۋەنچىلىك ۋە تەقۋالىق مۇھىم. قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغىنىڭلار، الله ئالدىدا

---

[1] سۈرە بەقەرە، 134 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، ھاممىلىرى ۋە قىزلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، ئۇلارنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭدىن ماڭا تەۋە بولغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىڭلار، ئىككىلەنمەي بېرەي. ئەمما مەن سىلەرنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايمەن، ھەركىم ئۆز غېمىنى ئۆزى قىلسۇن»[2].

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېچقانداق كىشىنىڭ تارازىسىغا نەسەبى قويۇلمايدۇ[3]. بەلكى تارازىغا قويۇلىدىغىنى ئەمىلى، ئىبادىتى ۋە ئىسلام ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىدۇر.

ئىسلامىي چۈشەنچىگە كۆرە، خىزمەت نەتىجىدىنمۇ مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر مۇسۇلمان ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش پۇرسىتى كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنى باشقا ۋاقىتقا تاشلاپ قويماي، بەلكى دەل ۋاقتىدا قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنداق پۇرسەتنىڭ يەنە بىر قېتىم كېلىشى ناتايىن. «ئەگەر بىر ئىنساننىڭ قولىدا خورما كۆچىتى بولسا، قىيامەت كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى تىكىشكە قۇربى يەتسە تىكىۋەتسۇن» دېگەن

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى، نەسائى، دارىمى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 101 ـ دىن 104 ـ ئايەتكىچە.

ھەدىس ياخشى مۇسۇلمانىنىڭ ۋەزىپىسىنى، ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتىكى ئاڭ ۋە چۈشەنچىسىنى نىمىدىگەن ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن ـ ھە؟!

## باھانە ئىزدىمەيلى...

بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن شۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، ئىبادەتتىكى نۇقسانغا باھانە ئىزدەش ئۆزىنى يوق ئىشقا ئاۋارە قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمان دىنىمىزدا كەچۈرۈم قىلىنغان ئىشلار سىرتىدا، ئۆز ئالدىغا باھانە پەيدا قىلالمايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇتالمايدۇ. ۋەزىپىسى، ئورنى، ئەمىلى، ئىشى نىمە بولسا بولسۇن، ﷲنىڭ قۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن باش ۋەزىپىسىنىڭ "قۇللۇق" ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە "ﷲقا قۇللۇق قىلىش" ۋەزىپىسىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشقا تىرىشىدۇ، ئەمەلسىز قىلىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسىنىڭ ئەمەل قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ھازىرغىچە قىلغان قۇلچىلىقىمىزدا نۇقسان كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ نۇقسانىنى ﷲقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىش بىلەن تۈزىتىش، كەمچىلىكلىرىمىزنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىدا تولۇقلاش "تەقۋادار" بولۇشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن ئالغا بېسىش ۋە "ياخشى"لىنىش

ئۇچۇن، ئەمەل قىلىش ۋە اللهقا قۇلچىلىق قىلىشتىن باشقا يولىمىز يوق.

ئۇلۇغ الله ھەممىمىزنى ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلغۇچى، تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن قىلغاي!

# ئەخلاقى ئېسىلدۇر...

عَنْ أَبِى هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلاردىن ئېسىل ئەخلاقلىق بولغانلار ئىمانى مۇكەممەل بولغانلاردۇر».

## كۆرسەتمە

مەخلۇقاتلار ئىچىدە پەقەت پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس قىلىنغان ئەخلاق ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ، دىنىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ”ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن“لىكىنى بىلدۈرگەن، قۇرئان كەرىمدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى“ دەپ تەرىپلەنگەن.

ھەدىس كىتابلىرىمىزنىڭ ”ئەدەب ـ ئەخلاق بۆلۈمى“دىكى يۈزلىگەن ھەدىستىن ئېسىل ئەخلاقنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆگىنىپ كەلمەكتىمىز. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرىدۇر. كۆرگىنىمىزدەك، بۇ ھەدىستە: ”گۈزەل

خۇيلـــۇق كـىشـــــىنىڭ ئىمـــــانى مۇكەممەلـــــدۇر“ دەپ تەسۋىرلىمەكتە.

بەزى ھەدىسلەردە: «ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئەخلاقى ئەڭ ئۈستۈن بولغىنىدۇر» دېيىش ئارقىلىق ”تەقۋالىق“نى ئۈستۈن ئەخلاق بىلەن ئۆلچىمەكتە. ھەر ئىككى ھەدىستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەم ئوخشاش بولۇپ، دىنىمىزدا مۇكەممەل ئىمان بىلەن ئېسىل ئەخلاق باراۋەر دەپ قارىلىدۇ.

ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەخلاقلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەر، ئەلۋەتتە، قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىككى مەنبەگە زىت بولغان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت ئەخلاقسىزلىقتا تەۋە. يەنى بىزگە نىسبەتەن ئەخلاقنىڭ مەنبەسى دىن؛ ئىسلام ئەخلاقىنىڭ بىردىنبىر يولى ۋە ئۆلچىمى ئىسلامدۇر. ئەگەر ئەڭ ياخشى مۇسۇلماننى تاللاپ چىقىشقا توغرا كەلسە، ئەخلاقى ئەڭ ئېسىل مۇسۇلماننى تېپىپ چىقساقلا بولغۇسى!

## اللهنىڭ ئەمرلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈش

ئىسلام ئەخلاقىنى: ”اللهنىڭ ئەمرلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا كۆيۈنۈش“ دېگەن ئىخچام فورمۇلا بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

بۇ فورمۇلا شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بارلىق تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك ھەر تۈرلۈك مۇئامىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئومۇمىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. الله تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللهتۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ...﴾[1] دېگەن ئايىتى ۋە بىر ساھابىنىڭ: ”ئىسلامنى ماڭا شۇنداق چۈشەندۈرۈپ قويغىنكى، سەندىن كېيىن ھېچكىمدىن قايتا سوراپ يۈرمىگەيمەن“ دېگەن سوئالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اللهقا ئىشەندىم دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا بولغىن» دەپ بەرگەن جاۋابىدىن بۇ فورمۇلانىڭ ئەسلىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. اللهنى ھۆرمەتلەش ـ ھەر تۈرلۈك ياخشى ئىش ۋە ئەخلاقىي ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى. يەككە ـ يېگانە، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى اللهقا چوڭقۇر ھۆرمەتتە بولمىغان، پەقەت اللهقىلا قۇللۇق قىلمىغان بىر ئىنساننىڭ ھەقىقىي ھۆرمەتلەيدىغان باشقا نېمىسى بار؟ اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلارنى: ”ئىنسانىيەتنى ھۆرمەتلەيدۇ“ دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ؟

ئۇلۇغ الله قۇرئان كەرىمدە: ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغىنىڭلار، الله ئالدىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 30 ـ دىن 32 ـ ئايەتكىچە؛ سۈرە ئەھقاف، 13 ـ ئايەت.

ھېسابلىنىسىلەر﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ﴿ئەڭ چوڭ بەخت﴾[2]كە پەقەت الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلغانلارنىڭلا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. تەقۋالىق ۋە اللهنىڭ ئەمرىگە بولغان ئېھتىرام - كىشىلىك مۇئامىلىنى تەرتىپكە سالىدىغان پرىنسىپ، ئەخلاق ئۆلچىمى، شۇنداقلا بارلىق ئەخلاقىي - پەزىلەتنىڭ يېگانە مەنبەسىدۇر. قېنى ئويلاپ كۆرەيلى! ھېكمەت، جاسارەت، ئىپپەت، ئادالەت، سېخىيلىق، كەمتەرلىك ۋە سەۋر - تاقەتكە ئوخشاش گۈزەل خۇي -پەزىلەتلەرنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرىدىغان بولساق، ھەممىسىنىڭ اللهقا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا كونىلار: ”ھەر تۈرلۈك ياخشىلىق اللهتىن قورقۇش بىلەن باشلىنىدۇ“؛ ”ئىنساندىكى پەزىلەت سېزىمى اللهتىن قورقۇش ھېسسىدىن كەلگەن“ دېگەنىكەن.

دېمەك، اللهنىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرىغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈستۈن ئەخلاقلىق «ياخشى مۇسۇلمان» بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## مەخلۇقاتقا مەرھەمەت كۆرسىتىدۇ

ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى ھېسابلانغان ”مەخلۇقاتقا مەرھەمەتلىك بولۇش“ پرىنسىپى ئائىلە ئەخلاقىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي ئەخلاق، ھەتتا ئىش ۋە تىجارەت ئەخلاقىغىچە بولغان ھەرخىل ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى، شۇنداقلا ھايۋانلار ۋە تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇئامىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر.

مەرھەمەت ـ ئىنساننى ئىككى تەرەپلىمىلىك مۇئامىلىگە مەجبۇرلايدۇ. بىرىنچىسى، ۋەزىپىسىنى نۇقسانسىز ۋە مۇكەممەل بىجا كەلتۈرۈشنى شەرت قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، الله تائالا ياراتقان ھېچبىر جانلىققا زىيان يەتكۈزمەسلىككە ئۈندەيدۇ. مانا بۇ، ھېسداشلىق ۋە مەرھەمەتنىڭ ئىككى مۇھىم شەرتى.

الله ياراتقان ھەر قانداق نەرسىگە قەستەن زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈش قاتارلىق ھەرخىل ياخشى ۋە ئەخلاقىي ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تېگىدە چەكسىز مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنىڭ بارلىقى ئېنىق. مەرھەمەت ۋە شەپقەتتىن نېسىۋىسى يوق ئىنسانلارنى، تولىمۇ شەخسىيەتچى، بېخىل، ئۆز خۇشاللىقى ۋە شەخسىي مەنپەئەتىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغانلارنى كۈندە يۈزلەرچە قېتىم كۆرۈپ تۇرىمىز. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز

كېرەككى، ئىنسانلارنى الله يولىغا ۋە الله رازىلىقىغا چاقىرغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك، مۇلايىم، ئوچۇق - يورۇق، مېھىر - مۇھەببەتلىك كىشىلەر ئىدى. ھېچبىر پەيغەمبەر شەپقەت، مەرھەمەتتىن مەھرۇم قالمىغان ۋە شەپقەتسىز، مەرھەمەتسىز مۇئامىلىدە بولۇپ باقمىغان. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۇچۇن مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىش ۋە مەرھەمەتلىك بولۇشتىنمۇ ئارتۇق چارە يوق.

"ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن"؛ "مۇئمىنلەرنىڭ كۆلپىتىدىن قاتتىق ئازابلىنىدىغان"؛ "ئەڭ ياخشى ئۈلگە" ۋە "بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى" قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشقا تىرىشىشىدىنمۇ توغرا ۋە تەبىئىي ئىش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى"غا ئىگە بولۇش دېگىنىمىز، قۇرئان ئەھكامىغا كۆرە ياشاش دېگەنلىك بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئاندۇر" دېگەن. دېمەك، "ئەخلاقى ئېسىل مۇسۇلمان" ئەڭ ياخشى مۇسۇلماندۇر. ئەخلاقسىزنىڭ ياخشىلىقى، گەرچە مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى چوڭ ئالدامچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

## زىيان يەتكۈزمەيدۇ

**عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ وَالْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ مَا نَهَى اللَّهُ عَنْهُ».**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشى مۇسۇلمان ـ تىلى ۋە قولى بىلەن باشقىلارغا ئازار بەرمەيدىغان كىشى؛ مۇھاجىر بولسا، الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان كىشىدۇر».

### ياخشىلىقنىڭ تۈرى كۆپ

يۇقىرىقى ھەدىستە مۇسۇلماننى ”ئەتراپىدىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدىغان كىشى“ دەپ تونۇتماقتا ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىكنىڭ ياخشىلىقنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. چۈنكى ”تىلى ۋە قولى بىلەن باشقىلارغا ئازار بەرمەيدۇ“ دېگىنى، مەيلى تىلى ياكى قولى بىلەن بولسۇن، باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان، ئازار بەرمەيدىغان كىشى دېمەكتۇر.

ئــــازار بەرمەســـــلىك مۇســــۇلمانلار ئوتتۇرىســــــدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەڭ ئەقەللىي شەرتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقانــــدا، ياخشــــــلىقنىڭ باشـــــلىنىش نۇقتىســــــى، ياخشــــــلىقنىڭ تۇرلىرىــــــدىن بىــــــرى. پەيغەمـــــبەر ئەلەيھىســالام بىــلەن بىــر ســاھابىنىڭ ئارىســـدا بولــۇپ ئۆتكەن بىر دىئالوگدىن بۇنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەبــۇ مۇســا رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

-سەدىقە بېرىش مۇسۇلمانىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، - دېدى. ساھابىلەردىن بىرى:

- ئەگەر سەدىقە بەرگۇدەك نەرسىسى بولمىسىچۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:

- ئىشــــلەپ تېپىـــپ ھەم ئــۆزى پايدىلانســۇن ھەم الله رازىلىقى ئۈچۈن ئىشلەتسۇن، - دېدى. ساھابە:

- بۇنىڭغىمــۇ كــۈچى يەتمىســچۇ؟ - دەپ ســورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:

- قىيىنچىلىقتــا قالغــان بىــرىگە قــولى بىــلەن يــاردەم قىلسۇن، - دېدى. ساھابە يەنە:

- بۇنىڭغىمــۇ قــۇربى يەتمىســچۇ؟ - دەپ ســورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:

- ھەقنى تەۋسىيە قىلسۇن (يەنــى تىلــى بىــلەن يــاردەم بەرسۇن)، - دېدى. ساھابە:

- ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرسۇن، بۇمۇ بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، - دەپ جاۋاپ بەردى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى مۇسۇلماننىڭ ھېچ بولمىغاندا ”باشقىلارغا زىيان سالمايدىغان كىشى“ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ، ھەقىقەتەن ياخشى ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئىقتىسادى ئەھۋالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشىلىق قىلىش يولى بارلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن.

ھال - ئەھۋالى ياخشى كىشىلەر باشقىلارغا زىيان سالماسلىق بىلەنلا قالماي، مۇسۇلمانلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. ئەمما ھەرقانداق ياخشىلىقتا مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەسلىك چۈشەنچىسى ۋە مۇئامىلىسى ئاساس قىلىنىشى كېرەك.

بۇ ھەدىستە يەنە، ياخشى مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىمۇ مۇسۇلمانلارغا تىلى ۋە ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئازار بەرمەيدىغان كىشىلەر دەپ تونۇتۇش ئارقىلىق، خۇشپېئىل بولۇش، ھەر قانداق كىشىگە دۇرۇس مۇئامىلە قىلىشىنى تەۋسىيە قىلماقتا. باشقا بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتمىگەن كىشىدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## الله تائالا ھېچكىمنى...

ھەدىستە ئالدى بىلەن "تىل"نىڭ بايان قىلىنىشى مۇسۇلمانغا ئازار بېرىشتە تىلنىڭ قولدىن بۇرۇن كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى. باشقىلارغا پۇت - قول بىلەن ئازار بېرىش تەسرەك، لېكىن تىل ئارقىلىق ئازار بېرىش ئاسان بولغاچقا، بەكمۇ كەڭ تارقالغان. تىل ئازارىنىڭ ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلىدىغانلىقى ماقال - تەمسىللىرىمىزگىچە سىڭىپ كەتكەن. ئەتراپىمىزدا: "خۇدايىم تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن ساقلىسۇن" دېگەندەك سۆز - ئىبارىلەرنى پات - پات ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدى بىلەن "تىل"نى بايان قىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە كۆرە، بىراۋنى تىلى بىلەن مەسخىرە قىلماسلىق، كاپىرغا چىقارماسلىق، يەنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا كۇپرلىقنى نىسبەت بەرمەسلىكتەك چەكلىمىلەرگە رىئايە قىلىش "قۇتۇلۇش" ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلىنى تارتقان قۇتۇلىدۇ» دېگەنىدى.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، باشقىلارنىڭ زىيىنىغا سۆزنى قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، بىر - بىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا سۆزلەشتىن تىلىنى تارتىش ياكى مۇسۇلمانلارنى تىلىدىن ئەمىن قىلىش، بولۇپمۇ زامانىمىزدا "ياخشى

مۇسۇلمان“ بولۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئەسلى ۋەزىپىمىز ”سۆزلىسەك توغرا سۆزلەش، بولمىسا شۈك تۇرۇش“ بولۇپ، مانا بۇ ۋەزىپە مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان قېرىنداشقا زىيان سېلىشتىن ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ خىل ئەھۋال ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ كۆچكە ئىگە بولۇپ، ئىلگىرىكىلەرنىمۇ ياخشىلىق بىلەن ياد ئېتىش ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى سۆزلەش، ئۇلارغا دۇئا قىلىش لازىم.

## قولىغا، تىلىغا، تېنىگە...

ھەدىستە بايان قىلىنغان ”قولى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەسلىك“ مەسىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكىنىڭ ئاساسى پرىنسىپى. ”قول“نى تىلغا ئېلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاساسلىق زىياننى كۆپىنچە ھاللاردا قول كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرخىل كۈچ - قۇۋۋەت، ئىمكانىيەت، يەر - جاي، تەبىقە ۋە نوپۇس، ياردەم، ئىززەت - ئىكرام دېگەندەك ھەر خىل تەسىر قوزغىغۇچى ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ”قول“ مىقياسىدا مۇتالىئە قىلىشقا بولىدۇ.

قولى ۋە تىلى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم قىلىش دېگىنىمىز، چاقچاق، دوراش ۋە مەسخىرىلىك قاراش ئارقىلىق باشقىلارنى بىئارام قىلماسلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسخىرە ۋە كىنايە مەنىسىدىكى ھەر

تۈرلۈك مۇئامىلە تىلى بىلەن ئازار بېرىشنىڭ ئىچىگە كىردۇ. شۇڭا الله تائالا ھۇمەزە سۈرىسىدە بۇ ھەقتە توختالغان.

دوستلىرىمىزغا يامانلىق قىلماسلىق شۇئارىمىز ۋە ئۆزگەرمەس پوزىتسىيىمىز؛ دىنىي پېشىۋالارنىڭ: ”قولۇڭغا، تىلىڭغا ۋە تېنىڭغا ئىگە بول!“ دېگەن تەۋسىيەسى قەلبىمىزگە پۈتۈك بولغاي!...

## غەمخورلۇق قىلىدۇ

عَنِ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِى تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى».

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنلەر بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر - بىرى ئۇچۇن ئازاپ چېكىش ۋە بىر - بىرىنى قوغداشتا بىر تەنگە ئوخشايدۇ. بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا، باشقا ئەزالىرىمۇ بۇ سەۋەپتىن ئۇيقۇسىز قالىدۇ ۋە بىئارام بولىدۇ».

### قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا بىرگە بولۇش

ئوخشاش بىر پەيغەمبەرگە ئەگىشىدىغان جامائەتنىڭ ئومۇمىي نامى ”ئۇممەت“ بولۇپ، ئۇممەتنىڭ تۈپ يىلتىزى ”ئىمانىي بىرلىك“كە تايىنىدۇ. يەنى ئوخشاش ئىماندىن بەھرىمەن بولغان ئىنسانلار ئىرقى، رەڭگى، يۇرتى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قارىماي، ئورتاق بىرلىككە مەنسۇپ بولالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،

”ئۇممەت“ دەپ ”ئىمانىي بىرلىك“نىڭ چەك - چېگرىسى ”ئىمان“ بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىدىغان ئەزالارنىڭ ئالدى بىلەن بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرى بار. بۇ ھەقىقەت ”ئىماننىڭ پۈتۈنلۈكى“ ئىچىدىمۇ كۈچكە ئىگە بولۇپ، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ”ئىمان پۈتۈنلۈكى“گە تەۋە مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ ئورتاق نۇقتىسىنى ”ھېسداشلىق“قا مۇجەسسەملىمەكتە. بىز بۇنى ”قايغۇدا ۋە خۇشاللىقتا بىرگە بولۇش“ دېسەكمۇ بولىدۇ.

غەمخورلۇقنىڭ مەنبەسى ئىمان بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ مۇسۇلمانلارنى دىنداش ۋە تەقدىرداش كىشىلەرگە ۋاكالىتەن بەزى پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىشكە ئۈندەيدۇ. بىر مۇسۇلمان ”قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا بىرگە بولۇش“نىڭ شەرتىگە بىنائەن باشقا مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ”مۇسۇلمانلارنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلەر ئۇلاردىن ئەمەستۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە مەھكۇم بولۇپ قالىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى دىنداشلىقتىن تۇغۇلغان ”خۇشاللىق ۋە قايغۇدا بىرگە بولۇش“ ياكى (باشقىچە ئىپادىلىگەندە) ”كۆڭۈل رىشتىسى“ ۋە ياكى ”ھېسداشلىق“نى بولمىغۇر ئىشتەك كۆرسىتىپ، قارشى چىقىش، ھەرخىل ئويدۇرمىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى

ئەيىبلەش قاتارلىق قىلمىشلار مۇسۇلمانلىقا قارشى چىقىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بۇ، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ جەۋھىرىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇچاقلىغۇچى ئارتۇقچىلىقىنى چۈشەنمەسلىك ياكى كۆرمەسكە سېلىۋېلىش؛ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئىبارىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋۇجۇدىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىكنى ئارزۇ قىلىش ئوخشاش بىر بەدەندە تۇرۇپ بۇنچىلىك ھېسداشلىقنى ئارتۇقچە كۆرۈش ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئارزۇنىڭ ھېچقانداق پايدىلىق تەرىپى يوق.

## "بەدىنىمنى شۇنداق چوڭايتقىنكى..."

مۇسۇلماننىڭ ھېسداشلىقى ئۇنى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن كۆرسىتەلەيدىغان ئەڭ چوڭ پىداكارلىققا يېتەكلەيدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە بەزى پىداكار مۇسۇلمانلارغا نىسبەت بېرىلگەن مۇنۇ سۆز بۇ ئۇلۇغ پىداكارلىقنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى بولالايدۇ: "ئى الله! بەدىنىمنى شۇنداق چوڭايتقىنكى، دوزاخنى مەنلا تولدۇرۇۋېتەي، بەندىلىرىڭدىن ھېچكىم ئۇ يەرگە كىرمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئازابىنى يالغۇز مەنلا تارتاي!".

دېمەك، ياخشى مۇسۇلماننىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى ئوخشاش ئىماننىڭ تەمىنى تېتىۋاتقان ئىنسانلارنى سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ بەختىنى تىلەش

بولۇپ، مانا بۇ قەلب ھوزۇرى ۋە كۆڭۈل رىشتىسى ئۇنى پەقەت تىرىك ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن ۋە ھازىر مەڭگۈلۈك ئىستىراھەتگاھىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغىمۇ يۈزلەندۈرىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن دۇئا قىلىشقا ئۈندەيدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتىن بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ﴾[1].

## «ئىسلامغا كەل» چاقىرىقى

مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يۇقىرىقى ھەدىستە بەلگىلەنگەن ئۆلچەم دائىرىسىدە غەمخورلۇق قىلىشى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ھېس قىلىشى، ئۇلار بىلەن بىر جان بىر تەن بولۇشى، ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈپ، تەڭ يىغلىشى ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى: "قېنى ئىسلامغا كەل!" چاقىرىقىدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن دۈشمەنلىشىش

---

[1] سۈرە ھەشر، 10 ـ ئايەت.

دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ھەدىس ھەر بىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك ئىدىيىۋىي چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچقاچان ئۆزلىرى خالاپ مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر ھەقىقەتنى سەمىمىزگە سالماقتا.

شۇڭا ئوخشاش دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇق نەيرەڭلىرى ۋە سەپسەتىلىرىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەسلىك ۋە ئالدىنىپ قالماسلىق لازىم.

بۇلاردىن باشقا يەنە، بارلىق ئىمكانىيەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پەقەت ئۆزى ۋە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا پايدىلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭمۇ نەتىجىدە بۇ ئىسلامىي غەمخورلۇقتىن يىراقلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن، دۇنيادا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن قەلب رىشتىسى باغلاش، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زۇلۇم ئىچىدە قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ دەردىگە داۋا بولۇش، ھېچبولمىسا، دۇئا قىلىشتىنمۇ ياخشى نېمە بولسۇن؟! بۇ قانداقمۇ بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئارتۇق كۆرۈلسۇن؟!

مەيلى دۇنيانىڭ نەرىدە بولسا بولسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ دەردىنى قەلبىدە ھېس قىلالمىغان بىرى ئۆزىنى قانداقمۇ ”ئىسلامىي غەمخورلۇق“قا باغلاپ چۈشىنەلىسۇن؟!

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ”ئىمانىي بىرلىك“ ھېچكىمگە بۇ بىرلىككە تەۋە ھەرقانداق بىرىنى خورلاش ھەققى بەرمىگەن. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىركىمنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى خور كۆرۈشى ئۇنىڭ ئۇچۇن يېتەرلىك يامانلىق (گۇناھ) ھېسابلىنىدۇ».

ئۇنداق بولغانىكەن، ”تەقۋا مۇسۇلمان“ بارلىق مۇسۇلماننى باغرىغا باسىدىغان ”كۆيۈمچان قەلب“كە ئىگە بىرى دېمەكتۇر.

# مۇسۇلمانلارنى قېرىندىشى دەپ بىلىدۇ...

**عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ**: «**الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ**...»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ (دىنىي) قېرىندىشىدۇر».

## قېرىنداشلار جەمئىيىتى

باشقا تۈزۈملەرگە ئوخشاش ئىسلاممۇ ئۆز جەمئىيىتىنى بەزى ئاساسلار ئۈستىگە قۇرغان ۋە ئېتىقادتا تەۋھىدنى، جەمئىيەتتە سەممىي دوستلۇق يەنى قېرىنداشلىقنى ئاساس قىلغان. شۇڭا ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام ئېتىقادى رامكىسى ئىچىدىكى قېرىنداشلىق جەمئىيىتى بولۇپ، بۇ جەمئىيەت ۋە قېرىنداشلىقتا ئىماندىن باشقا نە ئىرق، نە رەڭ، نە جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيە چەك ـ چېگرا سىزىپ بېرەلمەيدۇ. ئىسلام قېرىنداشلىقنىڭ بىردىنبىر ئالدىنقى شەرتى: «اللهتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەدئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ گۇۋاھلىق بېرىش بولۇپ، بۇ

كەلىمە تەۋھىدنى ئېيتقان ھەرقانداق كىشى مۇسۇلمان بولىدۇ ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قېرىندىشى ھېسابلىنىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان كەرىمدە: ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بىلەن تولىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئىپادىلىگەن ۋە ئېلان قىلغان. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر» دېيىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ نەرىدە ۋە قايسى دەۋرىدە ياشىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قېرىنداش ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتىدا، مەككىدىن كەلگەن ھەر بىر مۇسۇلمان بىلەن مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنى بىر - بىرىگە دىنىي قېرىنداش قىلىپ قويۇش ئارقىلىق تۇنجى ئىسلام جەمئىيىتىنى قېرىنداشلىق ئاساسى ئۈستىگە قۇرغان. زامانىمىز كىشىلىرى "ئىجتىمائىي ھەمكارلىق" دەپ ئاتىغان ۋە بەرپا قىلىشقا تەشنا بولۇۋاتقان قېرىنداشلىق مۇھىتىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئۈممىتىگە ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى دەۋرلىرىدىلا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق روياپقا چىقارغانىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىقنى قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن جاكارلىغان ۋە مەدىنە مۇسۇلمانلىرىدىن

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېتىبارەن ئۇ قېرىنداشلىقنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىغان ئۈممەت ئىدى.

قېرىنداشلىق ـ (مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى) قۇتلۇق ۋە كۈچلۈك مۇناسىۋەت بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ مۇناسىۋەت دائىرىسىگە كىرگەنلەرنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى ئېشىپ بارىدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تەۋسىيە ۋە ئاگاھلار ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەسلىدە بارلىق تەۋسىيە ۋە ئاگاھلارنىڭ ماھىيىتى ”قېرىنداشلىق“ كەلىمىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ھەرقانداق مۇناسىۋەتتە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز نەپسىنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەكلىكىنى نەسىھەت قىلىپ: «ھېچكىم ئۆزى ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەنىدى[①].

مانا بۇ ھەدىس دىنىي قېرىنداشلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىق ۋەزنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرمەكتە. ئەمما، مەقسەتنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، باشقا ھەدىسلەردىمۇ پايدىلىنىپ، دىنىي

① بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

قېرىنداشلىقنىڭ بەزى شەرتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىز ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق دەپ قارايمىز.

## دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ شەرتلىرى

بىر مۇسۇلمان گەرچە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىسا بولمايدۇ. يېنىدىكى مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا دىندىكىلەر ياكى دىنسىزلار بىلەن دوستلاشسا، تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان مۇنداق سۆز بار: "توڭگۇزدىن پوست بولمايدۇ، كاپىردىن دوست".

ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىغا ئۈچ - ئاداۋەت تۇتۇشى، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈشى، ئارىغا سۇنئىي ئۇستۇنلۇك ئۆلچەملىرى پەيدا قىلىۋېلىشى ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىن ئۈستۈنلۈكى پەقەت ۋە پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ.

مەيلى شەخس ياكى مىللەت بولسۇن، ھەرقانداق تاللاشقا توغرا كەلگەندە، دىنىي قېرىندىشىنى دائىما ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. بولۇپمۇ، ھازىرقى خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىگە يۆلەنچۈك بولۇشى دۇنيانىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا بەكمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە بۇ

مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ھەدىسنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ (دىنىي) قېرىندىشىدۇر»؛ «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ»؛ «مۇسۇلمان دىنىي قېرىندىشىنى مۇسىبەت ئىچىدە تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇنىڭ زالىمنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىشىغا يول قويمايدۇ»؛ «كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ياردەم قىلىدىكەن، اللهمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ»؛ «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مۇشكىلاتىنى ئاسان قىلىپ، خۇشال قىلسا، اللهمۇ قىيامەتتە ئۇنىڭ مۇشكۇلاتىنى ئاسان قىلىپ، بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ»؛ «كىمكى بۇ دۇنيادا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، اللهمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».

مانا بۇ ھەدىسلەردىن ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، دىنىي قېرىنداشلىق رامكىسى ئىچىدە تۇرۇپ، قېرىنداشلارچە قىلىنغان ھەر بىر ئىش ئاخىرەتتىمۇ چوقۇم مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. يەنى قېرىنداشلار بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ”ئاخىرەت ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ“ ھېسابلىنىدۇ.

## قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

ئاللاھ تائالا ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە دىنىي قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە توختالغان بولۇپ، بۇ يەردە خاتىرىلىتىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

پاسىق بىرىنىڭ سۆزىگە دەرھال ئىشىنىپ كەتمەي، ئۇ توغرۇلۇق ئىزدىنىپ كۆرۈش لازىم. بولۇپمۇ، زامانىمىزدا مەلۇم مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەتبۇئاتلارنىڭ مۇسۇلمانلار توغرىسىدا بەرگەن خەۋەرلىرىنى شۇ خەۋەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە سېلىشتۇرۇپ، راست ـ يالغان ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقىش بىز مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۆزئارا كېلىشەلمىگەن مۇسۇلمانلار ياكى مۇسۇلمان جامائەتلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش، ئارىلىرىدا ھەق ۋە ئادالەتنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىش، ھەقسىزلىق قىلغان تەرەپنى اللە بېكىتىپ بەرگەن چەك ـ چېگراغا رازى قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل چارىلەرنى قوللىنىش، قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.

مۇسۇلمان ئەرلەر باشقا مۇسۇلمان ئەرلەرنى، مۇسۇلمان ئاياللارمۇ باشقا مۇسۇلمان ئاياللارنى مەسخىرە قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ اللە نەزىرىدە ئۆزىدىنمۇ ئۈستۈن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك.

بىر ـ بىرىنى سەت لەقەم بىلەن چاقىرماسلىقى، يامان نىيەتتە بولماسلىقى، مەخپىي ئىشلىرىنى، سىرلىرىنى تىڭ ـ تىڭلىماسلىقى ۋە غەيۋەت قىلىپ، گەپتە چاقماسلىق لازىم...[①].

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىغا مەيلى قولى ياكى تىلى بىلەن بولسۇن، زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى، قېرىندىشىغا كۆڭلىدە يامان نىيەتتە بولماسلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىر ھەدىسىدە باشقا مۇسۇلمانغا تىل ياكى قولى ئارقىلىق زىيان سالمايدىغان مۇسۇلماننىڭ ”تەقۋادار مۇسۇلمان“ ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ بەرگەنىدى. مۇسۇلمان دىنىي قېرىندىشىنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرمەسلىكى، ھەتتا ئۇ قېرىندىشى ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىنمۇ ۋاز كېچىشى، بىر ـ بىرىگە ياخشى دۇئا قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. مۇئمىننىڭ دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈن قىلغان مەخپىي دۇئاسى مەقبۇلدۇر.

بىر مۇسۇلمان ئۆز كۈچى، خۇشاللىقى، دۆلىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شەرىپىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە شۇلاردىن تاپىدۇ.

مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ خۇشاللىقىغا تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، دەرد ـ ئەلەمگە يېتىشى كېرەك. بىر مۇسۇلمان بالا ـ قازا ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىسا، قالغان

---

[①] سۇرە ھۇجۇرات، 6 ـ دىن 12 ـ ئايەتكىچە قاراڭ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ دىنىي قېرىندىشىغا ياردەم قولىنى سۇنۇشى كېرەك، مانا بۇ، ”قېرىنداشلىق“ مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، اللە تائالا قۇرئانى كەرىمدە: ﴿مۇئمىنلەر زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشىدۇ... ﴾[1] دېگەن. پەيغەمبىرىمىزمۇ: «مەيلى زالىم ياكى مەزلۇم بولسۇن، دىنىي قېرىندىشىڭغا چوقۇم ياردەم قىل!» دېگەن. ساھابىلەر: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مەزلۇملارغا ياردەم قىلىشنى چۈشەندۇق، ئەمما زالىمغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟“ دەپ سوراشقاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن توسۇشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ياردەم ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بىر ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۇچراشقاندا سالام بېرىش؛ دەۋەتكە ئىجابەت قىلىش؛ نەسىھەت تەلەپ قىلسا، تەلىپىنى ئورۇنلاش؛ چۈشكۈرگەندىن كېيىن: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دېسە، ”يەرھەمۇكەللاھ“ دېيىش؛ ئاغرىپ قالغاندا يوقلاش؛ ۋاپات بولسا، تاكى قەبرىگىچە جىنازىسىغا ئەگىشىش»[2].

---

[1] سۈرە شۇرا، 39 ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## بىر جان بىر تەندەك...

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئىسلامدىكى دىنىي قېرىنداشلىق ھېس - تۇيغۇ، كۆز -قاراش، پوزىتسىيە، قايغۇ ۋە شاتلىقلاردا بىر جان بىر تەندەك بولۇش ۋە ئۆزىنى شۇنداق ھېس قىلىش دېمەك بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەردە مۇنداق دېيىلگەن:

«مۇئمىنلەر بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى قوغداشتا خۇددى بىر جان بىر تەنگە ئوخشايدۇ. بەدەنىنىڭ قايسىبىر ئەزاسى ئاغرىسا، ھەممە يېرى تەڭ بىئارام بولىدۇ ۋە ئۇيقۇسىز قالىدۇ»[1].

«مۇئمىنلەر بىر - بىرىگە نىسبەتەن بىر پۈتۈن بىنانىڭ زىچ جىپسىلانغان پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ»[2].

دىنىي قېرىنداشلىرىغا مانا مۇشۇنداق قىزغىن ۋە سەمىمىي بولمىغان، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېمىگەن، قىيىنچىلىقى بىلەن كارى بولمىغان كىشى ئۇلاردىن (يەنى دىنىي قېرىنداشلاردىن) بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ھەر بىر مۇسۇلمان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا داۋاملىق مۇسۇلمان پېتى

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

قىلىشقا، مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بولۇشقا، ئۇلارغا قېرىنداشچە مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر ھەتتا جاۋابكار. چۈنكى، (دۇنيادا) دىنىي قېرىنداشلىقتىنمۇ كۈچلۈك ۋە مۇبارەك رىشتە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلماننىڭ يۈرىكى داۋاملىق مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن سوقۇشى كېرەك. چۈنكى ھايات دىنىي قېرىنداشلار بىلەن تېخىمۇ گۈزەل (مەنىلىك) ئۆتىدۇ.

# ھەمىشە ئاگاھ بولىدۇ

عَنْ أَبِى هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يُلْدَغُ الْمُؤْمِنُ مِنْ جُحْرٍ وَاحِدٍ مَرَّتَيْنِ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن بىر قېتىم يىلان چاققان تۆشۈككە ئىككىنچى قېتىم قولىنى تىقمايدۇ».

## مۇئمىنمۇ ئىنسان، ئەمما...

شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالىشىدۇ، خاتالاشتۇرۇلىدۇ، ئالدىنىدۇ، ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئەمما مۇسۇلمان ئۇلۇغ ئىسلام دىنىغا تەۋە بولغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ دىققەت قىلىشى ۋە ئاگاھ بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمان نورمال ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ باشقىلارنى - مەيلى مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن - ئالداش نىيىتىدە بولمايدۇ. ئۆزىمۇ ھەم ئۇنداق تېز ئالدىنىپ يۈرمەيدۇ. بولۇپمۇ، بېشىدىن شۇنداق تەجرىبە ئۆتكەن، باشقىلارغا ئالدىنىپ باققانلار تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسنى بىزگە سۆزلەپ بېرىشكە سەۋەبچى بولغان تۆۋەندىكى ۋەقەلىك بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇتپەرەس شائىر ئەبۇ ئەززە بەدر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كەمبەغەل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە ئەگەر قويۇۋېتىلسە، بۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ شېئىر يازمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن فىدىيە تەلەپ قىلماي قويۇۋەتكەن. مۇشرىكلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ، كونا قۇتراتقۇلۇقى ۋە مەسخىرىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇھۇد جېڭىدا يەنە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ۋە بۇرۇنقىدەك سەۋەب كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشكەن. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بالىغ مۇسۇلمان قولىنى يىلان چاققان تۆشۈككە ئىككىنچى قېتىم تىقمايدۇ» دەپ جاۋاپ قايتۇرغان ۋە ئەبۇ ئەززەگە ئىككىنچى قېتىملىق ئالداش پۇرسىتى بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەرگەن.

ھەدىسنىڭ «كېلىش مەنبەسى» بولغان بۇ ۋەقەلىك شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مۇسۇلمان كىشى ئوخشاش شارائىت ئاستىدا بىر خاتالىقنى ئىككى قېتىم ئۆتكۈزمەسلىكى لازىم. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «قولىنى يىلان چاققان تۆشۈككە ئىككىنچى قېتىم

تىقمايدۇ» دېگەن ئىخچام سۆزنىڭ مەنىسى: ”كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ“ دېگەن بولىدۇ. نورمال ھايات بىلەن ئاخىرەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خاتانىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق بولۇپ، مۇسۇلمان ھەرقانداق ئىشتا ئاگاھ بولىدۇ، ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلاردىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بۇ تەجرىبە ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئېتىقادتا بولمىغانلاردىن ئېلىنغان بولسا، ئۇنداقتا تېخىمۇ ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ”دۈشمەننىڭ ئاغزىدىن ھەسەل، كۆڭلىدىن زەھەر تامىدۇ“.

مۇسۇلمان تۇرمۇشتا تەجرىبە - ساۋاق ۋە ئەقىل - پاراسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئىش قىلىپ، ھاياتنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

## تارىخ ئەڭ چوڭ تەجرىبە

يۇقىرىقى ھەدىس يەنە دۈشمەنگە ئالدىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن تارىخ بىلىمى ئىگەللەش ۋە تارىخي ئاڭ يېتىلدۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، باشتىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقلارنى ياخشى تونۇش ۋە ئۇنۇتماسلىق، كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇلاردىن دەرس ئېلىش ۋە ئوخشاش خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىق

كېرەكلىكىنى ناھايىتى مېغىزلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە. "تارىخ دۈشمەنلىكى"نىڭ مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق ھالدا يولغا قويۇلغان ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى مۇشۇ ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇنداق بولغانىكەن، ياخشى مۇسۇلمان تارىخنى توغرا ۋە پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە، تارىخي ئاڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار تارىخقا "ئۆتمۈشنىڭ چۆچەكلىرى" دەپ قارىمايدۇ، بەلكى "ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىش" نەزىرىدە قارايدۇ ۋە پايدىلىنىدۇ. ئۇلۇغ كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدىكى ئۆتكەن قەۋملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك چاقىرىقلىرمۇ مانا مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

مۇتەپەككۇر شائىر مەھمەت ئاكىف بۇ نۇقتىنى تولىمۇ ياخشى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"تارىخ تەكرارلىنىدۇ" دەپ تەبىر بېرىلىدۇ،
تارىختىن ئىبرەت ئېلىنسا، تەكرارلىنامدۇ؟

## مۇشرىك يىلاندۇر...

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى، يۇقىرىقى ھەدىستە مۇشرىك يىلانغا ئوخشىتىلغان. "جۇھر" كەلىمىسى "يىلان ئۇۋىسى" دېگەن مەنىگە ئىگە. بۇ ھەدىسنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان ئەبۇ ئەززە مۇشرىك شائىرلاردىن ئىدى. شېرىكنىڭ تەۋھىدكە بولغان

خەتىرى بىلەن مۇشرىكنىڭ مۇسۇلمانغا بولغان خەتىرى تامامەن ئوخشاش. شۇڭا ”تەقۋادار مۇسۇلمان“ يىلان ئۇۋىسى، شۇنداقلا يىلاننىڭ ئۆزىدىن ھەزەر ئەيلەش بىلەن بىرگە، زەھەرخەندە مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇن پىكىرلىرىگە ۋە قىتىغۇر قىلمىشلىرىغا قارشى ئاگاھ تۇرۇشى لازىم. ”مۇشرىك ئوتىنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىش نىيىتىدە بولماي“، قورقماستىن، ئالاقزادە بولماستىن، ئۇلارغا قارشى تەدبىر ئېلىشى، مۇئمىنگە خاس ئىمانىي ھوشيارلىقنى ئىشقا سېلىشى لازىم.

## دۈشمەننى چىللىماسلىق

ئەگەر مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك ئاگاھ بولماي، ”ئاسان ئالدىنىدىغان“ كۆرۈنۈپ قالسا، دۈشمەننىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلغان ۋە ئۆزلىرىگە چىللىغان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پۇتىغا ئۆزىنىڭ پالتا چېپىشى دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇنداق بولغانىكەن، ھەر كىم ئۆز ئېتىقادى ۋە سەمەرىلىرىگە ئىگە چىقىۋاتقان بوگۈنكىدەك كۈنلەردە، ”تەقۋادار مۇسۇلمان“ ئەڭ بولمىغاندا ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، تەكرار ئالدىنىپ قالمايدىغان سەۋىيەگە يېتىشنى ئۆز تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈۋېتىشى لازىم. ئېتىقادقا نىسبەتەن سەلبىي ئۇرۇنۇشلار ۋە دۈشمەننىڭ شۇم نىيەت

پىلانلىرىنىڭ دەككىسىنى پەقەت ھەدىستە تىلغا
ئېلىنغان ھوشيارلىق ئارقىلىقلا بېرەلەيمىز. يەنە بىر
قېتىم تەكرارلاپ ئۆتەيلى: «مۆئمىن قولىنى بىر قېتىم
يىلان چاققان تۆشۈككە قايتا تىقمايدۇ».

# دوستىنى تاللاپ تۇتىدۇ

**عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «الْمَرْءُ عَلَى دِينِ خَلِيلِهِ، فَلْيَنْظُرْ أَحَدُكُمْ مَنْ يُخَالِلْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشى دوستىنىڭ دىنى (يولى) ئۈستىدە بولىدۇ. شۇڭا سىلەر كىمنى دوست تۇتقىنىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار!».

## دوست ــ تەسىر مەركىزى

ئىنسان ھاياتىدا دوستلىرىنىڭ، مال ـ دۇنياسىنىڭ ۋە ئېتىقادىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشايدۇ. ئىنسانغا ئەمگىكى ۋە مېھنىتى سىڭگەن مال ـدۇنياسىدىن بەكرەك، مېھرى سىڭگەن دوستلىرى تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق تەسىر قىلىدۇكى، كىشىنىڭ تۇرمۇشىلا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادىمۇ دوستلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا كۆرە شەكىللىنىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. ھەدىس مانا بۇ ھەقىقەتنى، يەنى ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي ئېھتىياج بولغان دوستىنىڭ چوڭقۇر تەسىر كۈچىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، دوستنى بەكمۇ ئىنچىكىلەپ تاللىغاندىن كېيىن تۇتۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

دوستلۇق ئەسلىدە (ئىنسانىيەت ئۈچۈن) ئىجابىي رىشتە، ئەمما دىققەتسىزلىك ۋە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، خۇددى باشقا مەسىلىلەردىكىگە ئوخشاش، دوستلۇقتىمۇ سەلبىي نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلارنى ھەمىشە دىققەت قىلىشقا ۋە ئىش ـ مۇئامىلىدە نورمال بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا ”سۆيگۈ“ ئىنساننى ”كور ۋە گاس قىلىپ قويىدۇ“. دوست دوستىنىڭ خاتاسىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر دوستىنى قوغداش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ، ھەتتا بۇنى ”دوستلۇق بۇرچى“ دەپ بىلىدۇ. دوستىنى ھەقتىن ۋە ھەقلىق كىشىدىن ئۈستۈن تۇتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئازغۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى بولغان ”سۆيگۈ ئازغۇنلۇقى“ باشلىنىدۇ. دوستىنىڭ ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكىتىنى ياقلاش، ئۇنى قوغداش ۋە تەقلىد قىلىش، دوستىنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلىشىش، يولىغا ئەگىشىش، يەنى ئۇنىڭ دىنىغا كىرىشكىچە بېرىپ يېتىدۇ.

”تەقۋادار مۇسۇلمان“نىڭ مانا مۇشۇنداق بىنورماللىق سەۋەبىدىن دوست قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل يول بار:

بىرىنچى، دوست بولىدىغان كىشىنى ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپ ئەقىدە تارازىسىدا ئىنچىكە ئۆلچەش كېرەك. مانا بۇ، ھەدىسىمىزنىڭ تەۋسىيەسىدۇر.

ئىككىنچى، دوستلۇقنى ھەددىدىن زىيادە ئىزھار قىلىۋەتمەسلىك. «دوستلۇقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن...» دېگەن ھەدىسمۇ ئىنساننى تەدبىرلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

دوستنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىشى سۆيگۈنىڭ ئۆچ - ئاداۋەت ۋە نەپرەتكە ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىققىنىدەك، سۆيگۈنى نامۇۋاپىق ئىزھار قىلىش نەتىجىسىدە دوستنى ھالاكەتكە ئىتتىرىش بىلەنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. ﴿«ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك - شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى» دەيدۇ﴾ دېگەن ئايەت، دوستنىڭ دوستىغا قىلىدىغان دۈشمەنلىكنى ۋە كېلىپ چىقىدىغان پۇشايمانلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە.

ھەر سۆزىنى ”ھېكمەت“، ھەر ئىشىنى ”ھەقىقەت“ دەپ داۋراڭ سالغان دوستلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى تارىخ بەتلىرىنىڭ ئىبرەت سەھىنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

كىشىلەرنىڭ دۇنيادا دوستلىرىنىڭ دىنىغا مايىل بولىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەملەر بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى ھەقىقەت بولۇپ، مانا بۇ

ھەقىقەت مۇسۇلمانلارنى دوست تاللاشتا بەكمۇ ئېھتىياتچان بولۇشقا ئاگاھلاندۇرماقتا.

## ھەقنى دوست تۇتۇش

ئېتىقاد ئامىلىنى ھاياتىغا ۋە ھەر تۈرلۈك مۇئامىلىسىگە ھاكىم قىلىشى كېرەك بولغان ”تەقۋادار مۇسۇلمان“ ھەقنى ياقىلىشى، دوست تۇتۇشى ۋە ھەقنى دوست تۇتقانلار بىلەن دوستلىشىشى لازىم.

﴿ئى مۇئمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار﴾[1]. ﴿مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن﴾[2].

مەيلى سۆيگۈ ۋە ھىمايە قىلىشتا ياكى ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتتە بولسۇن، ھەقنى چىقىش قىلىش ۋە ھەق تەرەپتە تۇرۇش مۇئمىن مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ئەقەللىي دىنىي ئارتۇقچىلىقىدۇر.

﴿اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز

---

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 60 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 28 ـ ئايەت.

دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، ﷲ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ﷲ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ﷲ تىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ﷲنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ﷲنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

﴿ئى مۆمىنلەر! ﷲ نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ﷲتىن قورقۇڭلار، ﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[2].

دوستىنى يامان كۆنلەردە قوللاشنى زالىمنى ئادالەتسىزلىكتە، خاتادا، باتىلدا قوللاش دەپ چۈشىنىۋالغان، دوستىغا توغرىنى كۆرسەتمەي، ”سېنىڭلا توغرا“ دېگەنلەر دوستلۇققا ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلىككە مۇناسىپ ئىنسانلاردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، جەمئىيەتكە باشلامچىلىق قىلىش مەۋقەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 22 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 8 ـ ئايەت.

ھەقىقەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم دوستلاردىن يىراق تۇرۇشتۇر.

﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن﴾[1] دېگەن ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ دوستلۇق مۇھىتىغا قايسى نۇقتىلاردىن دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ھەقتىن ئازغان تەقدىردە قىلىچ ئارقىلىق خاتالىقىنى تۈزىتىپ بېرىدىغان دوستلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن اللهقا شۈكرى ئېيتقان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئېسىللىقى بىلەن، زوراۋانلىقىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق قوللىمىغان دوستلىرىنىڭ كاللىسىنى جاللاتقا تاپشۇرغان زالىمنىڭ بىچارىلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

”ھەقتىن ئازساڭ، سېنى قىلىچىم بىلەن تۈزىتىمەن!“ دېگەن مۇسۇلماننىڭ قوپال، ئەمما سەمىمىي دوستلۇقى بىلەن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ خاتالىقىنى يوشۇرغان، مەجبۇرىي بولماي تۇرۇپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ماختىغان مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا ئەقىدە ۋە ھەقىقىي دوستلۇق جەھەتتىن، كىچىككىنە بولسىمۇ، ئوخشاشلىق بارمۇ؟

[1] سۈرە فۇرقان، 74 ـ ئايەت.

## مۇسۇلماننى دوست تۇتۇش

قىممەت قارىشى مۇرەككەپ بولغان بىر جەمئىيەتتە دوست تاللاش ۋە ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ئەلۋەتتە بەك چوڭ. يۇقىرىقى ھەدىس ئوخشىمىغان دوستلۇق ئېڭى، چۈشەنچىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى يورىتىپ بېرىدىغان پەيغەمبەر نۇرىدۇر.

مانا بۇ نۇر يورۇتقان ھەقىقەت دۇنياسىدىن مۇھىم بىر خۇلاسە چىقىرىمىز، يەنى مۇسۇلماننىڭ دوستلۇقىغا پەقەت مۇسۇلمانلا لايىق. مۇسۇلمانمۇ مۇسۇلمانغا مۇسۇلمانچە دوست بولىدۇ. مانا بۇ دوستلۇق مۇسۇلماننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ۋە اللهنىڭ رازىلىقىغا نائىل قىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ خۇلاسىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ:

﴿ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار.ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1]؛ ﴿مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ اللهنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى

---

[1] سۈرە مائىدە، 5 ـ ئايەت.

ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي اللهنىڭ دەرگاھىدۇر﴾[1].

[1] سۈرە ئال ئىمران، 28 ـ ئايەت.

# بىھۇدە ئىشلارنى قىلمايدۇ

**عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّمَ: «مِنْ حُسْنِ إِسْلاَمِ الْمَرْءِ تَرْكُهُ مَا لاَ يَعْنِيهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان كىشى ھەقىقىي مۇسۇلماندۇر».

## بىھۇدە ئىش...

ھاياتىمىزنىڭ بەكمۇ چەكلىك ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئەتراپىمىزدا بىزنى ئاۋارە قىلىدىغان ۋە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقى، ئەمما بىرلا ۋاقىتتا ھەممە ئىشنى قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ۋاقتى ۋە قۇربى يەتمەيدىغانلىقىمۇ ھەقىقەت. ئۇنداق بولغانىكەن، ھاياتىي پائالىيىتىمىزنى مەلۇم نىزام ئىچىدە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. لېكىن بۇ نىزام ھەر كىشىگە قاراپ ئۆزگىچە بولىدۇ.

بىھۇدە ئىش دېگەن، مۇسۇلمانغا مۇناسىۋەتسىز سۆز ـ ھەرىكەت، چۈشەنچە، يەنى ئۇنىڭغا ياراشمايدىغان ھەممە نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ”بىھۇدە“ دېگەن سۆزدىن ”پۈتۈنلەي كېرەكسىز“ دېگەن مەنە چىقمايدۇ ھەم شۇنداق

دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى اﷲ ياراتقان ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ۋەزىپىسى ۋە پايدىسى بار بولۇپ، اﷲ ھېچبىر نەرسىنى ئورۇنسىز ياراتمىغان. شۇڭا بىر نەرسىنىڭ بىھۇدە ياكى ئەمەسلىكىنى شۇ شەخسكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدا - زىيىنىغا قارىتا بەلگىلەيمىز. يۇقىرىقى ھەدىسمۇ مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

بىر ئىشنىڭ بىھۇدە ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلەشتە ئەمەلىي ئەھۋال چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇڭا ھەدىستە: «ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىش» دېيىش ئارقىلىق، ھەرقانداق ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىلغان. يەنى ھەدىستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «بىھۇدە ئىشتىن يىراق تۇرۇش» پرىنسىپى ئومۇمىي پرىنسىپ بولۇپ، ھەر كىمگە، ھەر تۈرلۈك كەسىپ ئەھلىگە ۋە ھەرقانداق ئىقلىمدىكى كىشىلەر ئۈچۈن تامامەن كۈچكە ئىگە.

ھەردائىم بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك، كەسپىمىز ۋە ئىشىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىش بۇ قىسقىغىنە ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئاقىلانە ئىشتۇر. مانا مۇشۇ يولنى تاللاش - تەقۋادارلىقنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەدىستە ئوچۇق تەشۋىق قىلىنىۋاتقىنىمۇ مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

بىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان، پايدىسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش بىزنى ئەسلى قىلماقچى بولغان ئىشىمىزدىن مەھرۇم قويىدۇ. بىھۇدە ۋە پايدىسىز

ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئىنساننى ”بىر ئىشنىڭ تەپسىلاتى بىلەن ھەپىلىشىش»تىنىمۇ بەك ئاۋارە قىلىدۇ ۋە زىيانغا سالىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇنىڭدىن پۇشايمان ۋە مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ.

## ئاسىننى تاللاش...

بىھۇدە ئىش بىلەن ھەپىلىشىش ئەسلىدە ئىشنىڭ ئاسىنىغا قېچىش بولۇپ، بۇنىڭ تېگىدە ھورۇنلۇق، ئىقتىدارسىزلىق ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى بار. مۇھىم ۋە پايدىلىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلار ھەمىشە ئەھمىيەتسىز ۋە يۈزەكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىمۇ مانا مۇشۇنداق بىھۇدە ئىشلارغا ئاۋارە قىلىدۇ.

ھالبۇكى، بىھۇدە ئىشلاردىن يىراق تۇرغاندا، ئىشلارنى ئەھمىيىتىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇش ۋە ھەرقانداق ئىشنى ئۆز لايىقىدا بىجا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەسلىدە بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىمىزمۇ يوق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىسىدە ئىنسانلارنىڭ تەن ساقلىقى ۋە بوش ۋاقىتلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنۇملۇك پايدىلىنالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

بىھۇدە ئىشتىن يىراق تۇرۇش، ساغلام تەن ۋە بوش ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىش ”تەقۋادار مۇسۇلمان“نىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەدىس بىزگە يەنە كامىل مۇسۇلماننىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن: ﴿ئۇلار بىھۇدە

ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى سەمىمىزگە سالىدۇ.

بىھۇدە ئىشتىن يىراق تۇرۇش يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەردائىم ئۆز ـ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش ۋە ئېھسان تۇيغۇسى بىلەن ياشاش دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھساننى: «اللەنى كۆرگەندەك ئىبادەت قىلىش، گەرچە ئۇنى كۆرمىسەكمۇ، ئۇنىڭ بىزنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش» دەپ تەرىپلىگەن. شۇڭا ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ ھەدىس ھەققىدە: ”ئىسلام دىنى بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەدىسلەردىن بىرى“ دېگەن.

ئۇنداق بولغانىكەن، ھەر ۋاقىت، ھەر ئەھۋالغا كۆرە، نېمىنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ۋە كېرەكلىك، نېمىنىڭ مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ، بىھۇدە سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پىكىر ـ خىيال بىلەن ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەسلىك پەقەت تەقۋادار مۇسۇلمانلارغىلا خاس كامىللىق نامايەندىسى ۋە ھەرىكەت مىزانىدۇر.

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 3 ـ ئايەت.

# ئىشنى پۇختا قىلىدۇ

**عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِنَّ اللهَ تَعَالَى يُحِبُّ إِذَا عَمِلَ أَحَدُكُمْ عَمَلًا أَنْ يُتْقِنَهُ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا پۇختا ئىش قىلىدىغان كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ».

## ئىشنى ياخشى ۋە پۇختا قىلىش

ئىش قىلىش، بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىنسانغا خاس ئالاھىدىلىك، ئىشنى ياخشى قىلىش بولسا، گۈزەللىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئالاھىدە يېتىلگەن، يەنى ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلىدىغان كىشىلەرگە خاس ئارتۇقچىلىقتۇر.

ئىسلام دىنى دىنلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر نەرسىنىڭ ئەڭ مۇكەممەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھەرقانداق ساھەدە مۇكەممەل بولۇشقا، ئېسىللىكنى نامايەندە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا، ئېرەڭسىزلىك، خۇشياقماسلىق ۋە چولتىلىق بىلەن قىلىنغان ئەمەل -

ئىبادەت ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، پايدىسىز ئىشنى پايدىسىز كۆرىدۇ، قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىماندا تەۋھىد، ئىبادەتتە ئىخلاس، مۇئامىلىدە دۇرۇستلۇق، سەنئەتتە نەپىسلىك، ئىشتا پۇختىلىق قاتارلىقلار ھەدىستە دېيىلگەن ”گۈزەللىك“تىن ئىبارەت. ئىشنىڭ تۈرى، نامى ۋە شەكلىدىن بەكرەك ئۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ ”ئەڭ ياخشىسىنى قىلىش“ ئارزۇسى ۋە غەيرىتى مۇھىم دەپ قارىلىدۇ.

”ئەڭ ياخشىسىنى بەرپا قىلىش غەيرىتى“ كىشىنى پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدىغان دورامچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

”پۇختا ئىش قىلىش“ ئىبارىسى ”سۈپەتنى ساقلىغان ھالدا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش“ دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھاياتىمىزدا كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋە ”مۆھلەت تولدۇرۇش“ دەپ ئاتىلىدىغان ”كادىرلىق ئېڭى“ بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا پۈتۈنلەي زىت. ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىز ئىش قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىش بېجىرىشتىكى ئارتۇقچىلىقى بولۇشى لازىم.

# كامىل دىنىي ھايات

ۋاقىتىدا ۋە تولۇق ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ئىچىدە دىنىي ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ باشتا كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شۈبھە يوق. كامىل دىنىي ھايات دېگىنىمىز، ئۆز پرىنسىپ ۋە ئەمەلىيىتىدە سەمىمىي بولۇپ، ئۆزگە يات ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ۋە دىنىي ئاساسلارغا زىت ئەمەللەرنى قىلمىغان ھالدا بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە ياشاشنى كۆرسىتىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ( ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾[1].

دىنىي ھاياتنى كۈنسېرى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋايىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىش مەقسىتى تۇرغان يەردە، ئۆمرىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە، يىللارنىڭ مەلۇم كۈن ۋە كېچىلىرىدە، كۈننىڭ مەلۇم سائەتلىرىدە ئىسلامغا زىت ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۆزى شەيتانغا ئەگىشىش، شەيتاننىڭ گۇماشتىلىرىغا بويۇن ئېگىش، توغرىدا چىڭ تۇرالماسلىق ۋە مۇۋەپپىقىيەت قازىنالماسلىق دېگەنلىك بولىدۇ.

[1] سۈرە بەقەرە، 208 ـ ئايەت.

# ئەڭ ياخشىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش

”ئەڭ ياخشىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش“ ئەمرىنىڭ يېگانە نىشانى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ساھەدە سۆز قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە جاۋابكارلىقى بار.

ھىلە - مىكىر بىلەن ئىش قىلغۇچىلار ۋە مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى مەرىپەت دەپ بىلىدىغانلارنىڭ ياخشىلىق غايىسى ۋە سۈپىتىدىن قانچىلىك يىراقلىشىپ، باشقىلارغا قانچىلىك يېقىمسىز تۇيۇلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بولۇپمۇ، بىر جامائەتنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئەڭ ياخشى، يەنى پرىنسىپلارغا ئەڭ ئۇيغۇن شەكىلدە ئورۇنلاش ۋە ئۇممەتكە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى جان كۆيدۈرۈپ قىلىش قارىشى ۋە غەيرىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى (شۇ جەمئىيەت ئۈچۈن) بەكمۇ چوڭ پالاكەت ھېسابلىنىدۇ.

”ئەڭ ياخشىسىنى قىلىش“ پرىنسىپى قۇربى يەتمەيدىغان ۋەزىپىدىن ئۆزىنى تارتىش ۋە ئۇ ۋەزىپىنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلىگە تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ.

ئىشنى ياخشى قىلىش ئىنساننىڭ قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

كەسىپ، تىجارەت، سەنئەت، ھاكىمىيەت ۋە سانائەت قاتارلىق ساھەلەردە ئۇتتۇق قازىنىش ئەڭ ئالىيسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش غايىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنىنى ھاياتقا تەدبىقلاشتا مۇكەممەل بولۇش ئارزۇسى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىسبىتىگە باغلىق.

تاكامۇللۇقنى ئېتىقادتىن ۋە ئېتىقادنىڭ ھاياتىمىز ئۈچۈن يولغا قويغان قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشتىن ئىزدىشىمىز لازىم. ئورتاق ئېتىقادىي قىممىتىمىزگە يات ھەرقانداق نەرسە ـ مەيلى قانچە گۈزەل بولۇپ كەتسۇن ـ بىز ئۈچۈن بەرىبىر يات. ئەڭ ياخشىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش نىيىتى بىلەن بېجىرىلمىگەن ھەرقانداق ئىش، مەيلى ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ قىلغان بولساقمۇ، يەنىلا ئېتىقادىي پرىنسىپىمىزغا يات بولۇپ، ئىش قىلغۇچىنى ئاخىرقى نىشانغا، يەنى اللهنىڭ رازىلىقىغا يەتكۈزمەيدۇ.

«ھەقىقەتەن الله بىزنى ھەرقانداق نەرسىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرىدى. ئۇنداقتا (ئورۇنلۇق سەۋەب بىلەن) بىر جانلىقنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىڭلاردا، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. يەنى بىر ھايۋاننى بوغۇزلىماقچى بولغاندا، ئۇنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا بوغۇزلاڭلار. كىم مال بوغۇزلىماقچى بولسا، پىچىقىنى ئوبدان بىلىسۇن ۋە مالنىڭ جېنىنى بوغۇزلىسۇن»[1].

ھەتتا مال بوغۇزلاش ۋە سويۇشتىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى تەلەپ قىلغان ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھەرقانداق ئىشنى پۇختا ۋە ياخشى قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ. «كىشىنىڭ سۆلىتىگە قارىما، مېھنىتىگە قارا». ھەقىقىي مۇسۇلمان قۇرۇق سۆز

[1] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

بىلەن ماختانمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېسىل خۇسۇسىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ

عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ: «ارْحَمُوا تُرْحَمُوا، وَاغْفِرُوا يَغْفِرِ اللَّهُ لَكُمْ، وَيْلٌ لأَقْمَاعِ الْقَوْلِ، وَيْلٌ لِلْمُصِرِّينَ الَّذِينَ يُصِرُّونَ عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنبەردە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەرھەمەت قىلىڭلار، مەرھەمەتكە ئېرىشىسىلەر. ئەپۇ قىلىڭلار، اللهمۇ سىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ. ۋارانكا[①] قۇلاقلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۆز خاتاسىدا چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي!»[②].

### ئازماس قۇل يوق

كونىلار: "خاتاسىز قۇل بولمايدۇ"، "ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ" دېگەن ئىكەن. مۇسۇلمانمۇ ئىنسان بالىسى

---

[①] ۋارانكا: سۈيۈقلۇق ياكى پاراشوك، دانىچە ھالىتىدىكى نەرسىلەرنى ئاغزى كىچىك قاچا، بوتۇلكا قاتارلىقلارغا قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە بىر دانە كېسىك كونۇس شەكلىدىكى قاچا بىلەن بىر دانە نەيچىدىن تۈزۈلىدۇ (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى).

[②] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

بولۇش سۈپىتى بىلەن ئازىدۇ، خاتالىشىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيا گۇناھكارلار دۇنياسى. سۆيۈملۈك پەيغەمبەرىمىز: «ھەرقانداق ئىنسان خاتالىشىدۇ»[①] دېگەن سۆزى ئارقىلىق بۇ تەبىئىي ۋە ئىنسانىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ھېچبىر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن پېتى پاك ھالەتتە ياشاپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. الله تائالا بىزدىنمۇ شۇنداق بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلمىدى. الله تائالانىڭ ئىستىكى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ تۆۋبە قىلىشى ۋە خاتاسىنى تونۇپ، اللهتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهقا ھەمدۇ بولسۇن، ئەگەر سىلەر ھېچبىر گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان بولساڭلار ئىدى، الله سىلەرنى يوق قىلىپ، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تۆۋبە قىلىدىغان، ئاندىن اللهتىن ئۆزلىرىنى ئەپۇ قىلىشنى تىلەيدىغان بىر قەۋمنى پەيدا قىلغان، ئاندىن ئۇلارنى ئەپۇ قىلغان بولاتتى»[②].

ئۇنداق بولغانىكەن، نېمە سەۋەب بىلەن بولسا بولسۇن، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالماستىن، ئۇنى كەچۈرگۈزۈش كېرەك. مانا بۇ قابىلىيەت، ماھارەت ھېسابلىنىدۇ. تەقۋادار مۇسۇلمانمۇ مۇشۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئەپۇچان ۋە كەڭ قورساقلىقى بىلەن

---

[①] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[②] مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

تونۇلغان تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ بىر مەسىلىگە، يەنى ئۆز خاتالىقىغا ھەرگىز كۆز يۇمماي‌دىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

## خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە كۆرە: «خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىدۇر»[1]. ھەرقانداق ئىنساننىڭ خاتالىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ داۋامىدا كەلگەن بۇ ئىبارە ئارقىلىق ئۆز خاتاسىنى تونۇپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قاتتىق تەۋبە قىلغۇچىنىڭ "خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئەڭ ياخشىسى" يەنى "ئەڭ ياخشى مۇسۇلمانلار" ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. پەرۋەردىگارىمىزمۇ قەلبى ئاللاھقا بولغان ھۆرمەت بىلەن تولۇپ - تاشقان مۇتتەقى بەندىلىرىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ.گۇناھلىرى ئۇچۇن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى؟!﴾[1].

ئۇلۇغ الله بىزگە بىلدۈرگەن بۇ ھەقىقەت، خاتالىقىغا تەۋبە قىلغۇچىلار ئېرىشىدىغان كەچۈرۈم ۋە (ئۇلارغا بېشارەت بېرىلگەن) جەننەتلەرنى ئويلايدىغان بولساقلا، يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ: «ئۆز خاتاسىدا چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېگەن ئىبارىسىدىكى ئاگاھ ۋە تەھدىتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يېتەلەيمىز. ئەپۇ قىلىنىش تۇرغان يەردە ئۆز خاتاسىدا قارىغۇلارچە چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلار دۇچار بولىدىغان ئاقىۋەتكە ئەلۋەتتە ”خوپ بولدى“ دېيىش كېرەك ھەم شۇنداق (خوپ) بولىدىغانلىقى مۇقەررەر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ تەۋبە قىلىشنى ھەر دائىم، قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلغان. اللهنىڭ چەكسىز مەرھەمىتىنى، ئەپۇچانلىقىنى، قۇلنىڭ گۇناھىنى تونۇپ ئۆزگە قايتىشىدىن ۋە تەۋبە قىلىشىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولىدىغانلىقىنى، تەۋبە دەرۋازىسىنىڭ قۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭمۇ كۈندە 70 قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە خاتالىققا، گۇناھقا كۆز يۇمۇلماسلىقى كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپ تەنبىھ بەرگەن.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 135 ـ ۋە 136 ـ ئايەتلەر.

يەنە بىر ھەدىستە: «بىر گۇناھتىن كېيىن بىر ياخشىلىق قىل، بۇ ياخشىلىق ئالدىن قىلغان گۇناھىڭنى پاكلىسۇن، يوقاتسۇن» دېگەن چارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەۋسىيىسى: ﴿شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتىن كەلگەن.

ئۇنداق بولغانىكەن، تەقۋادار مۇسۇلمان ئۆز خاتالىقىغا سەل قارىمايدۇ، ئۇنى (يەنى خاتالىقىنى) يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ ۋە ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىدۇ. بەزى ئىنسانلاردەك ئۆز خاتالىقىغا كۆز يۇمۇۋېلىپ، ھەممىشە باشقىلارنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەش "تەقۋادار مۇسۇلمان"نىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

## ۋارانكا قۇلاقلار

تېمىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «ۋارانكا قۇلاقلار» دېگەن ئىبارە دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتتى. ئىشىنىمەنكى، سىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ دىققىتىنى جەلپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ ھەقتە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

---

[1] سۈرە ھۇد، 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەدىستىكى ”ئەلئەقمائ“ دېگەن ئىبارە ”قىمائ“ دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ”ۋارانكا“ دېگەن مەنىگە ئىگە. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ۋارانكا ـ سۇيۇقلۇق ياكى پاراشوك، دانىچە ھالىتىدىكى نەرسىلەرنى ئاغزى كىچىك قاچا، بوتۇلكا قاتارلىقلارغا قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. بۇ ھەدىستە نەسىھەتنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، سۆزنى ئوبدان ئاڭقۇرۇپ، شۇنىڭغا كۆرە ھەرىكەت قىلمايدىغان قۇلاقلار (كىشىلەر) ۋارانكىغا ئوخشىتىلغان. خۇددى ۋارانكا سۇيۇقلۇق ياكى باشقا جىسىمنى ئۆتكۈزۈپ بەرسىمۇ، ئۆزىگە ھېچنېمە يۇقمىغاندەك، بەزى كىشىلەرگە ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەن، گەپ ئۇنىڭ بىر قۇلىقىدىن كىرىپ يەنە بىر قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ، يەنى ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېگەن. دېمەك ”تەقۋادار مۇسۇلمان“نىڭ قۇلىقى ﴿(ئەستە) تۇتۇۋالىدىغان قۇلاق﴾[1] بولۇشى كېرەك.

ھەدىسنىڭ بۇ ھۆكمى ئارقىلىق ھەققەتنى پەقەت باشقىلارغا يەتكۈزۈشنى بىلىپ، ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايدىغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ”كاناي“ رولىنى ئوينايدىغان كىشىلەرگىمۇ ئىشارەت قىلىنغان.

يەنە بىر تەرەپتىن ”ۋارانكا قۇلاقلار“ بىلەن ”ئۆز خاتاسىدا چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلار“نىڭ بىر ـ بىرىگە

---

[1] سۇرە ھاققە، 11 ـ ئايەت.

مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلىمۇ بولىدۇ. باشقىلارغا بەش پاتمان كاپشىغان بىلەن ئۆزى قىلچە رىئايە قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىغا ئەمەل قىلماسلىق ئۈچۈن جېنىنىڭ بېرىچە تىركىشىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرى ”ئەمەل قىلماسلىق خاتالىقى“دا چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى.

ئۇنداقتا، «ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي!» تەھدىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەركىم ئۆگەنگىنى ۋە ئاڭلىغىنىنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ئۆگىنىپ، ئەمەل قىلىشى، ئاندىن باشقىلارغا بىلدۈرۈشى ۋە تەۋسىيە قىلىشى كېرەك. مانا بۇ، خاتالىقتا چىڭ تۇرۇۋالماسلىقنىڭ يەنە بىر يولى.

## تۈزىتىش قابىلىيىتى

ئىنساننىڭ ئۈستۈن خۇسۇسىيىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى ”تۈزىتىش“ قابىلىيىتىدۇر. ئەتراپىمىزدا بىز ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق تەربىيە بولغان ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى، يەنى (بىزدىن) باشقا جانلىقلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئەمما ئۇلار ھېچبىر نەرسىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. شۇڭا ئىنسانلار، بولۇپمۇ ئەڭ ئەۋزەل يېتىش ئارزۇسىدىكى مۇسۇلمانلار ھەرقانداق خاتالىقنى ئۆزگەرتىشى ۋە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى بۇ جەھەتتىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. خاتاسىدا

چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ ئورنىغا، خاتاسىنى تونۇتىشتا قەتئىي بولۇش "ياخشى بولۇش"نىڭ شەرتى ھەم چارىسى.

خاتانىڭ كىچىك ياكى چوڭ دەپ ئايرىلىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنى "تونۇتۇش ئېڭى" ۋە گۇناھلارنى ئەپۇ قىلغۇچى ئۇلۇغ اللەنىڭ رەھمىتىنىڭ چەكسىزلىكى[①] بىزنىڭ تەپەككۇر يۇرگۇزۇشىمىزگە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشىمىزگە تۇرتكە بولغۇسى. ئەسلىدە ھېچبىر مۇسۇلمان ھەرقانداق گۇناھنى كىچىك كۆرمەسلىكى لازىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن گۇناھنى خۇددى ئۇستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان تاغدەك كۆرىدۇ. گۇناھقا پاتقۇچى (يەنى فاجىر) بولسا، گۇناھنى بۇرنىغا قونۇۋالغان پاشىدەك كۆرىدۇ».

سۆزنىڭ مېغىزى شۇكى، ياخشى مۇسۇلمان پەقەتلا گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى گۇناھىغا تۆۋبە قىلىشنى ۋە گۇناھىدىن پاكلىنىشنى بىلىدىغان كىشىدۇر.

---

① دارىمى رىۋايەت قىلغان.

## ئاخىرقى ئارزۇسى مۇسۇلمان پېتى جان ئۈزۈش

عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "مَنْ أَحَبَّ أَنْ يُزَحْزَحَ عَنِ النَّارِ وَيُدْخَلَ الْجَنَّةَ فَلْتُدْرِكْهُ مَنِيَّتُهُ وَهُوَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ، وَيَأْتِي إِلَى النَّاسِ مَا يُحِبُّ أَنْ يُؤْتَى إِلَيْهِ".

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلسا، ۋاپاتىنى اللهقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا كۈتۈۋالسۇن ۋە باشقىلار ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىسا، ئۆزىمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولسۇن».

### غايە ۋە ھەقىقەت

دىنىمىزنىڭ نىشانى مۇسۇلمانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش؛ مۇسۇلماننىڭ غايىسى بولسا، دۇنيادا مۇسۇلماندەك ياشاش ۋە شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەن ئاخىرەت ھاياتىدا اللهنىڭ مۇئمىن قۇللىرىغا تەييارلىغان ۋە خىيالغا كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان نېئمەت ۋە ئېھسانلىرىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆلۈم بىز ئۈچۈن قانچىلىك ھەقىقەت بولسا، ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ ئىمانى بىلەن ئۆلۈشكە كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىمۇ شۇنچىلىك ھەقىقەت. ئىمان بىلەن ئۆلۈش كاپالىتى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلار ھايات ۋاقتىدا الله تەرىپىدىن بىشارەت بېرىلگەن مۇستەسنا مۇئمىنلەرگىلا خاس. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمانى ساپ بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قىلچە تەۋرەپ قالمىغان. تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ھېچبىر پەيغەمبەر ئىمانسىز ئۆلمىگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ئەمما ئىمانى بىلەن ئۆلۈش كاپالىتى يوق.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە: «ھەر ئىش نەتىجىسىگە قارىتا باھالىنىدۇ»[1] دېگەن. باشقا بىر ھەدىستە بولسا، ئەتتىگىنى مۇسۇلمان پېتى تۇرغان كىشى ئاخشىمى كاپىر بولۇپ ياتىدىغان، كەچتە مۇسۇلمان پېتى ياتقان كىشى ئەتتىگىنى كاپىر بولۇپ قوپىدىغان ناھايىتى خەتەرلىك ۋە قالايمىقان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى[2]، مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنداق كۈنلەردە نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇ كۈنلەردىن ئاگاھلاندۇرغانىدى. يەنە بىر ھەدىسىدە: «كىم قانداق

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالەتتە قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ»[1]
دېگەن ھەقىقەتنى بىلدۈرگەنىدى.

## ئاخىرەت سائادىتى

كىتابىمىزدا كەلتۈرۈلگەن بارلىق ھەدىسلەر مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىنىڭ ”ياخشى ئاخىرلاشقان“دا، يەنى ئاخىرقى نەپەسى ئىمان بىلەن توختىغاندىلا ئاندىن قەدرى بولىدىغانلىقى؛ شۇندىلا ئاخىرەت سائادىتىدىن ئۈمىد كۈتكىلى ۋە چەكسىز بەختتىن سۆز ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويماقتا.

ئەسلىدە قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ چاقىرىقىمۇ مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ، اﷲ تائالا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆئمىنلەر! اﷲقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾[2].

خالىغان ۋاقىتتا ئۆلۈش ھېچبىر مۇسۇلمانىنىڭ ئىلكىدە بولمىغىنىدەك، يەنى ئۆلۈۋېلىش ھارام بولغىنىدەك، خالىغان شەكىلدە ئۆلۈشمۇ ھېچبىر مۇسۇلمانىنىڭ ئىلكىگە بېرىلگەن ئەمەس. يۇقىرىقى ئايەتتىكى: ﴿مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەن ۋاپات

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 102 ـ ئايەت.

بولۇڭلار﴾ دېگەن چاقىرىقتىن: ”مۇسۇلمان پېتى ۋاپات بولۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمان بولۇپ ياشاڭلار“ دېگەن مەنە چىقىدۇ. بۇ تېمىنىڭ بېشىدا كەلتۈرۈلگەن ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى: «...ۋاپاتىنى اللهقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا كۈتۈۋالسۇن» دەپ چۈشەندۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىماننىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى بايان قىلغاندا: «الله كۇپرىلىقتىن قۇتقۇزغان كىشىنىڭ كۇپرىغا يېنىپ كېتىشىنى خۇددى ئۆزىنى ئوتقا ئاتقانغا ئوخشاش يامان كۆرۈشى كېرەكلىكى»نى ئېيتقان ۋە ”ياخشى ئاخىرلىشىش“ ئۈچۈن ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئىمانىمىز بىلەن ياشىشىمىزنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

دەۋرىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خۇپىيانە ۋە تېز سۈرئەتتە يامراۋاتقان مۇرتەدلىك (ئىسلامدىن يىراقلىشىش) پالاكىتى (مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىدىن) ”مۇسۇلمان ھالىتىدە ۋاپات بولۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانچە ياشاش كېرەك“ دېگەن ئاڭنى سۈپۈرۈپ تاشلاۋاتىدۇ. مانا بۇ پالاكەت (الله بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىغاي) بىر مۇسۇلماننىڭ ھالاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەسىيتى

مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات بولۇشنى ئارزۇ قىلىش ۋە شۇنىڭغا تىرىشىش قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ھەزرىتى يەئقۇبنىڭ ۋەسىيىتى سۈپىتىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئۇز ۋاقتىدا پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۇز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! الله سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى﴾[1].

مانا بۇ ئايەتلەردە مۇسۇلمان پېتى ۋاپات بولۇش ئۈچۈن اللهنىڭ تاللىغان دىنىدىن ئايرىلماسلىق، يەنى مۇسۇلمانچە ياشاش لازىم ئىكەنلىكى ئېنىق تەكىتلەنگەن.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك دۇئاسى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنغان:

﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە

[1] سۈرە بەقەرە، 131 ـ ۋە 132 ـ ئايەتلەر.

مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن»﴾[1].

ئىمانىمىز ئۆلۈش خەۋپى بولمىغان بىر پەيغەمبەر اللهقا مانا مۇشۇنداق مۇناجات قىلىشى ۋە بىزنىڭ ئۆلگىمىز، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭمۇ: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله! مېنىڭ دىلىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن!» دېگەن دۇئانى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشىدىن ياخشى مۇسۇلماننىڭ ئاخىرقى غايىسىنىڭ (نەدە ۋە قايسى ھالەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) مۇسۇلمان پېتى ۋاپات بولۇش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىدا مانا مۇشۇنداق سائادەتكە نائىل بولۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، مەيلى شەخس ياكى جەمئىيەت سۈپىتىدە بولسۇن، چوقۇم ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك چۈشەنچە، ئاڭ ۋە ئەمەللەر بار. بۇلارنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكى ۋە قانداق تەدبىقلاش كېرەكلىكىنى ”مۇسۇلماندەك ياشاش“ دېگەن كىتابىمىزدا بايان قىلدۇق.

سۆزىمىزنى فىرئەۋنگە قارىماي مۇساغا ئىمان ئېيتقان ۋە فىرئەۋننىڭ تەھدىدلىرىگە قارشى ئىمانلىرىدا مۇستەھكەم تۇرغان سېھىرگەرلەرنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمىز: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا

---

[1] سۈرە يۇسۇف، 101 ــ ئايەت.

قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن﴾[1].

[1] سۈرە ئەئراف، 126 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# خاتىمە

بەزى ئوقۇرمەنلەرنىڭ: ”تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاران مۇشۇنچىلىكمۇ؟“ دەپ غودۇرايدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەسلىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇشۇنداق ئويغا كېلىپ قېلىشى پۈتۈنلەي توغرا. چۈنكى ھەدىسلەردە تەرىپلەنگەن ”تەقۋادار مۇسۇلمان“نىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بۇ كىتابتا سۆزلەنگەنلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس. بىز بۇ كىتابچە ئارقىلىق پەقەت ”تەقۋادار مۇسۇلمان“ ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنى بۇ ھەقتە ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلدۇق. ئەگەر مۇشۇ مەقسىتىمىزگە يېتەلىگەن بولساق، الله تائالاغا مىڭلارچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز.

قۇرئان كەرىمدە ياخشىلار ”ئەبرار“ دەپ بايان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى سائادەتلىك ھاياتى ھەققىدىكى سەھنىلەر تەسۋىرلىنىدۇ. ئەنە شۇ سەھنە تەسۋىرلىرىدىن بىرنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۆزۈمنى تېمىغا مۇناسىۋەتلىك دۇئا ئايىتى بىلەن خۇلاسىلىماقچىمەن: ﴿ياخشىلار نېئمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ. ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (اللهنىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېئمەتلىرىگە) قارايدۇ. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېئمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان)

ئەسىرىنى تونۇيسەن. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!﴾[1].

مانا بۇ مۇسابىقىدە ئۇتۇق قازىنىش ۋە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى مۇسۇلمان بولۇشتىن باشقا چارىمىزنىڭ يوقلۇقى ھەممىگە ئايان. ئۇنداق بولغانىكەن، ھەممىمىز بىرلىكتە رەببىمىزگە دۇئا قىلايلى:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن﴾[2].

داۋامىزنىڭ ئاخىرىدا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز.

---

[1] سۈرە مۇتەففىفىن، 22 ـ دىن 26 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 193 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.